پەننىي بىلىمگە دائىر كىتابچىلار

# بۇلاق

لۇ جىنكەي



مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

پەنني بلمگە دائر كتابچىلار

# بۇلاق

لۇ جنكەي يازغان
تەرجمە قلغۇچى: تۇرسۇن رەھم

مللەتلەر نەشرياتى

# «پەنني بىلىمگە دائىر كىتاپچىلار» تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى

ئوبۇل ئىسلام
يىن ۋېيخەن
بيەن دېپېي
شى موجۇاڭ
جاڭ چىڭ
لىن جۈگۇاڭ

جاڭ داۋيى
شىن جۈ
گاۋ جۇاڭ
سەي جىڭفېڭ·
چېن تيەنچاڭ

# قىسقىچە مەزمۇنى

«بۇلاق» «پەننى بىلىمگە دائىر كىتابچىلار»نىڭ بىرى، بۇ كىتابچىدە بۇلاققا دائىر بىلىملەر سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلىدۇ؛ يەر ئاستى تاغ جىنسلىرى بېرىقلىرىدىن ۋە لاۋا ئۆڭكۈرلىرىدىن نېمە ئۈچۈن سۇ ئۆرلەپ چىقىدۇ؟ بۇلاق سۈيى بىلەن دېڭىز سۈيى تۇتاشمۇ؟ بەزى بۇلاقلاردىن نېمە ئۈچۈن كۆپۈك چىقىدۇ؟ بەزى بۇلاقلاردىن نېمە ئۈچۈن بىلىق، فىسفۇچ ياقا چىقىدۇ؟... دېگەنگە ئوخشاش قىزىقارلىق، كىشىنى ئويغا سالىدىغان سوئاللارغا جاۋاپ بېرىلىدۇ... كىتابچىدە يەنە مەملىكىتىمىزدىكى مەشھۇر بۇلاقلارنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى ئوبرازلىق تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ كىتابچە راۋان، چۈشىنىشلىك، قىزىقارلىق قىلىپ يېزىلغان ھەمدە ئۇنىڭدا مۇناسىپ قىستۇرما سۈرەتلەر بار. بۇ كىتابچە ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە كىتابخانلارنىڭ ئوقۇشىغا، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرس تەييارلاشتا پايدىلىنىشىغا باپ كېلىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشىغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

# نەھرر ھەيئەتدىن

بىز «پەننى بىلىمگە دائىر كىتاپچىلار»نى تۈزۈشتە، پارتىيە
12 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددى-مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەلەپلىرىنى ئىزچىللاشتۇ-
رۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى
خەلق ئاممىسى ئىچىدە، بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەر ئىچىدە پەننى
بىلىملەرنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، دائىم كۆرۈلى-
دىغان تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ۋە ئىنسانلار جەمئىيتىنىڭ تەرەق-
قىيات تارىخىنى ئىلمي رەۋىشتە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق كەڭ
كىتاپخانلارغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلاردا ئىلمي ھەقىقەت ئۈستىدە
ئىزدىنىدىغان ھەۋەس قوزغاشنى مەقسەت قىلدۇق.

بىز مۇشۇ ئارزۇ بىلەن، مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرگە
ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە نەتىجە ياراتقان بەزى
يازغۇچىلارغا بۇ كىتاپچىلارنى يازدۇردۇق. ئۇلار بۇ كىتاپچىلارنى
ئىنتايىن زور قىزغىنلىق بىلەن يازدى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر
رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، كىتاپخانلارغا
بەزى ئاساسي پەننى بىلىملەرنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇنى قىستۇرما
سۈرەتلەر بىلەن چۈشەندۈرۈشكە، ئوقۇمۇشلۇق قىلىشقا، شۇ

كىتاپچىدە چېتىلىدىغان پەن تارماقلىرىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى كۆزقاراش ۋە يېڭى بەتىجىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىشكە تىرىشتى.

بۇ كىتاپچىلار يۇقۇرى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە ئىشچىلار، دىخان-چارۋىچىلار، ياش-ئۆسمۈرلەر، يۇقۇرى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساسىي ئوبېكت قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ كىتاپچىلارنى ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا پايدىلانما قىلىسمۇ، دەرستىن سىرتقى ئوقۇش كىتاۋى قىلىسمۇ بولىدۇ.

بۇ كىتاپچىلار دەسلەپكى قەدەمدە ئاسترونومىيە، يەر ئىلمى، بىئولوگىيە ۋە ئىجتىمائى پەن ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان 30 خىلدىن تەركىپ تاپتى، خەنزۇ، موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، قازاق ۋە چاۋشيەنزۇ يېزىقلىرىدا نەشر قىلىنىدۇ.

بۇ كىتاپچىلارنى تۈزۈپ نەشر قىلىش خىزمىتى دۆلەت مىللى ئىشلار كومىتېتى ۋە جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمىيىتىنىڭ بىتەكچىلىگىدە ئىشلەندى. كونكرېت خىزمەتلەردە جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمىيىتى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بۆلۈمى، جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىجادىيىتى تەتقىقات ئورنى، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئىلىم-پەن نەشرىياتى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى، گېئولوگىيە نەشرىياتى، جۇڭگو ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ رەسەتخانىسى، بېيجىڭ نەبىئەت مۇزېيى، جۇڭگو تىبابەتچىلىگى تەتقىقات ئورنى، دۆلەت مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى،

بېيجىڭ پەننى تەربىيە كىنو ئىستودىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىزنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. بۇ يەردە بىز يۇقۇرىدا نامى ئاتالغان ئورۇنلارغا، بۇ خىزمەتكە قاتناشقان ئاپتورلارغا ۋە يولداشلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا بۇنداق كىتاپچىلارنى تۈزۈشىمىز تۇنجى قېتىملىق ئىش بولدى، تەجرىبىمىز يوق، خىزمىتىمىزدە كەمچىلىك ـ خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن، كىتاپخانلار ۋە مۇتەخەسسىلەرنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى ۋە ياردەم قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

«پەننى بىلىمگە دائىر كىتاپچىلار» تەھرىر ھەيئىتى
1984 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز.................................( 1 )
1. بۆلاق قانداق ھاسىل بولىدۇ.........................( 5 )
1. يەر ئاستى سۈيى بۇلاقنىڭ مەنبەسى...................( 5 )
2. بۇلاقنىڭ ھاسىل بولۇشى.............................( 8 )
2. بۇلاق ئائىلىسى..................................( 14 )
1. چۆكمە بۇلاق......................................( 14 )
2. ئۆرلىمە بۇلاق.....................................( 16 )
3. بۇلاق قىممەتلىك بايلىق.............................( 25 )
1. بۇلاق سۈيىنىڭ 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى
پايدىسى ......................................( 25 )
2. مىنېرالىلىق بۇلاق سۈيى كېسەلگە داۋا بولىدۇ..........( 32 )
3. ئارشاڭنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ.................( 37 )
4. ئىسسىق بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئىسسىق ھاراق ئىشلىتىلىدۇ.......( 38 )
5. بۇلاق مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان
ئامىل ......................................( 41 )
6. بۇلاقتىن پايدىلىنىپ يەر ئاستى سۈيىنى ئاپىقلى بولىدۇ......( 46 )
7. بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش...............( 48 )

8. بۇلاق سۈيىدىكى غەيرى ھادىسىلەرگە ئاساسەن يەر تەۋرەشتىن ئالدىن خەۋەر بېرىش ....................( 51 )

4. تارىختىن بۇيان تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان مەشھۇر بۇلاقلار ...............................................( 56 )

1. مەشھۇر بۇلاقلار..............................( 56 )

2. قىزىقارلىق بۇلاقلار..............................( 83 )

5. بۇلاقلارنى ئاسراش..............................( 91 )

1. بۇلاق سۈيىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىشلىتىش.........( 93 )

2. بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بۇلاقنىڭ باشلىق باھارىنى مەڭگۈ ساقلاش..............................( 94 )

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كىرىش سۆز

مەملىكىتىمىزدە بۇلاق ئىنتايىن كۆپ، بۇلاق خەلققە بەخت يارىتىش، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم سۇ مەنبەلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا تۇرمۇش مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان تەبىئى شارائىت. مەملىكىتىمىزدىكى بىرمۇنچە مەشھۇر مەنزىرىلىك ساياھەت رايونلىرىنىڭ تولىسىدا داڭلىق بۇلاقلار بار. قەدىمقىلارمۇ مەشھۇر بۇلاقلارنى كۆپ مەدھىيىلىگەن، خاڭجۇدىكى خۇباۋ بۇلىقىنىڭ سۈيى ۋە لۇڭجىڭ قۇدۇقىنىڭ سۈيىدە دەملەنگەن چاي ئۆزىنىڭ تاتلىقلىقى ۋە خۇشپۇراقلىقى بىلەن "شىخۇدىكى ئىككى ئىسىل ئىچىملىك" دېگەن نامغا ئىگە؛ جىنەنجياڭدىكى جۇڭلېڭ بۇلىقىمۇ سۈيىنىڭ ئىسىللىكىدىن "دۇنيادا بىرىنچى بۇلاق" دېگەن نامغا ئىگە. بۇنىڭدىن تاشقىرى، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ ئاتاقلىق هاراق — ماۋتەي، ۋۇلياڭيې، دۇكاڭ، جۇڭجيۇ... قاتارلىق هاراقلارنىڭ ھەممىسى بۇلاق سۈيىدىن ئىشلىنىدۇ، دېمەك، ئىسىل بۇلاق سۈيىدىن ھەقىقەتەن ئىسىل هاراق چىقىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە يەنە بىرمۇنچە ئارشاڭ ۋە مىنېراللىق بۇلاقلار

بار، بۇنداق بۇلاقلار كۆتۈنۈش ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش-
تىمۇ، سوزۇلما كېسەللەرنى داۋالاشنىمۇ فالتىس فىممەتكە ئىگە.
لېكىن ئۆزۈندىن بۇيان، كىشىلەر بۇلاق سۈيى قانداق
ھاسىل بولىدۇ؟ ئۇنىڭدا نىمە ئۈچۈن قىسما-قىسما ئۆزگىرىش-
لەر بولىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن بۇلاق سۈيى يەر ئاستىدىكى تاغ
جىنىسلىرىنىڭ يېرىقلىرىدىن ۋە لاۋا ئۆڭكۈرلىرىدىن ئۆرلەپ
چىقىدۇ؟ بەزى بۇلاقلارنىڭ قۇرغاقچىلىق ۋاقتىدا قۇرۇپ كەت-
مەسلىگى ئۇنىڭ دېڭىز سۈيى بىلەن تۇتاش ئىكەنلىگىنى
بىلدۈرەمدۇ؟ بۇلاقنىڭ ئىچىدە ”سۇ مۇئەككىلى“ بارمۇ؟ بەزى
بۇلاقلاردىن نىمە ئۈچۈن كۆپۈك ئۆرلەيدۇ؟ بەزى بۇلاقلاردىن
نىمە ئۈچۈن بېلىق ۋە قىسقۇچ پاقىلار چىقىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن
بەزى بۇلاقلارنىڭ ھارارىتى يۇقۇرى بولىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن
بەزى بۇلاقلارنىڭ سۈيى كېسەلگە پايدا قىلىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن
بەزى بۇلاقلارنىڭ سۈيى تاتلىق بولىدۇ؟ بەزى بۇلاقلارنىڭ
سۈيى ھەم ئاچچىق، ھەم قىرتاق بولغانىنىڭ ئۈستىگە سېسىق
بولىدۇ؟... دىگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى چۈشەنمەي
كەلدى. كەڭ كىتاپخانلارنى بۇلاق سۈيى ھەققىدە توغرا
تونۇشقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بۇلاق سۈيىگە دائىر پەننى
بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ۋە تەشۋىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.
بۇلاق سۈيىنىڭ يەر ئۈستىگە چىقىپ قېلىشى، ئۆزگىرىشى،
ھالىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىلەر ئادەتتىكى گېئولوگىيە-
لىك ۋە گىدرو گېئولوگىيىلىك ھادىسىلەر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ،

www.uyghurkitap.com

شۇنداقلا ئىنتايىن ئادەتتىكى تەبىئى ھادىسىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ھىچقانداق ئەجەپلىنەرلىك يېرى يوق.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، كەڭ يېزا-قىشلاق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى بارغانسېرى ياخشىلانماقتا. خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئومۇمىي يۈزلۈك يۇقۇرى كۆتىرىلمەكتە، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر بۇلاق سۇيىدىنمۇ بارغانسېرى كەڭ پايدىلانماقتا. كىشىلەرنى بۇلاق ھەققىدە توغرا تونۇشقا ۋە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش، بۇلاق سۇيىنى ئاسراش، ئۇنى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بۇ كىتاپچىدە بۇلاقنىڭ شەكىللىنىش ئەھۋالىنى، تۈرلىرىنى، ئىشلىتىلىش يوللىرىنى شۇنىڭدەك مەملىكىتىمىزدىكى بىر قىسىم مەشھۇر بۇلاقلارنى ۋە ئۇنى ئاسراش ئۇسۇللىرىنى كەڭ ئاز سانلىق مىللەت كىتاپخانلىرىغا قىسقىچە تونۇشتۇردۇق.



# 1. بۇلاق قانداق ھاسىل بولىدۇ

## 1. يەر ئاستى سۈيى بۇلاقنىڭ مەنبەسى

بىز بۇلاقنىڭ قانداق ھاسىل بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش-
تىن ئاۋال، يەر ئاستى سۈيى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز،
چۈنكى يەر ئاستى سۈيى بۇلاقنىڭ مەنبەسى. ھەممەيلەنگە
مەلۇمكى، يامغۇر سۈيى ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندىن كېيىن،
ئۇنىڭ بىر قىسمى ناھايىتى تېزلا دەريا ياكى كۆللەرگە ئېقىپ
كىرىدۇ، بىر قىسمى پارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، يەنە بىر قىسمى
بولسا يەرگە سىڭىپ كېتىدۇ. يەرگە سىڭىپ كەتكەن مۇشۇ سۇ يەر
ئاستى سۈيى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەرگە سىڭىپ كېتىشى
قۇمسال توپا قاتلىمى، شېغىل قاتلىمىدا ناھايىتى نۇرغۇن تۆشۈك-
لەر بولغانلىقتىن، تاغ جىنسلىرى قاتلىمىدا نۇرغۇن يېرىق-
لار ۋە ئۆڭكۈرلەر (لاۋا ئۆڭكۈرلىرى ياكى كاۋاكلار) بولغانلىقتىن
بولىدۇ. يەرنىڭ ھەم سۇنى ئۆتكۈزەلەيدىغان، ھەم سۇنى
ساقلىيالايدىغان قاتلىمى سۇلۇق قاتلام دېيىلىدۇ. يەرنىڭ سۇنى
ئۆتكۈزمەيدىغان قاتلىمى ئۆتكۈزمەس قاتلام دېيىلىدۇ. يەر
ئاستى سۈيى سۇلۇق قاتلامدا نۇرۇپ قېلىش شارائىتىغا قاراپ،

www.uyghurkitap.com

كاۋاك سۈيى، يېرىق سۈيى ۋە لاۋا سۈيى دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

كۆپچىلىك شۇنى كۆرۈپ تۇرىدۇكى، بۇلاق سۈيى توختىماي سىرتقا ئېقىپ چىقىپ تۇرىدۇ، قۇدۇق سۈيى ھەرقانچە كۆپ تارتىپ ئېلىۋېلىنسىمۇ، بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئۆزلۈكىدىن ئاستا-ئاستا ئاۋۇپ قالىدۇ. بۇ ھال يەر ئاستى سۈيىنىڭ يەر تېگىدە توختىماي ھەركەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. سۇ يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئاقىدۇ، يەر ئاستى سۈيىمۇ يەر ئۈستى سۈيى (مەسىلەن دەريا سۈيى)گە ئوخشاش يۇقۇرى جايدىن پەس جايغا قاراپ ئاقىدۇ.

يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۈرئىتى، ئاساسەن، تاغ جىنىسلىرى قاتلىمىدىكى كاۋاك، يېرىق ۋە لاۋا ئۆڭكۈرلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ۋە ئاز-كۆپلۈكىگە باغلىق بولىدۇ. كاۋاك، يېرىق ۋە ئۆڭكۈر ھەم چوڭ، ھەم كۆپ بولسا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېقىش سۈرئىتى تېز بولىدۇ، بۇ تاغ جىنىسلىرى قاتلىمىنىڭ ئۆتكۈزۈشچانلىقى دېيىلىدۇ.

يەر ئاستى سۈيىنى ئۇنىڭ كۆچى جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىگە ۋە ساقلىنىش شارائىتىغا قاراپ، ئومۇمەن، يۈزە سۇ ۋە بېسىم-لىق سۇ دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

. يۈزە سۇ يەر يۈزى ئاستىدىكى بىرىنچى ئۆتكۈزمەس قاتلام-نىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان سۇ بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. قۇدۇق قېزىش، بۇلاق ئېچىش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان سۇ، كۆپىنچە، مۇشۇ قاتلامدىكى سۇ شۇ. بۇنداق يەر ئاستى سۈيى يەر تۈزلۈ-

شىنىڭ ۋە كىلىماتىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرايدۇ، يامغۇر پەسلىدە ئۇنىڭ ئورنى تېيىز بولىدۇ، قۇرغاقچىلىق پەسلىدە ئۇنىڭ ئورنى چوڭقۇر بولىدۇ، ئادەتتە ئۇنداق سۇدا ھېچقانداق بېسىم بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلاق ئاچقان چاغدا، بۇنداق سۇ يەر يۈزىگە ئۆرلەپ چىقماي، سىرغىپ چىقىدۇ. بىز بۇنداق بۇلاقنى چۆكمە بۇلاق دەيمىز.

بېسىملىق سۇ دىگەندە سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان ئىككى ئۆتكۈزمەس قاتلامنىڭ ئوتتۇرىسىغا تولۇپ كەتكەن يەر ئاستى سۈيى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى تاغ جىنىسلىرى قاتلىمى يەر ئاستى سۈيىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ قىسىۋالغان بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پەقەت ئارىلىقتىلا ئاقالايدۇ، بۇنداق سۇنىڭ بېسىمى يۇقۇرى بولىدۇ (1-رەسىم). قۇدۇق قازغاندا، بۇلاق ئاچقاندا بۇنداق يەر ئاستى سۈيىگە يولۇقسىڭىز، سۇ ئۆزلۈگىدىن ئېقىپ چىقىدۇ، بەزىلىرى يەر يۈزىگە ئىگىز ئېتىلىپ چىقىدۇ. بېسىملىق يەر ئاستى سۈيى دىگەن ئەنە شۇ، بۇنداق بۇلاقنىڭ سۈيى يۇقۇرىغا قاراپ ئاقىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆرلىمە بۇلاق دەيمىز.




1-رەسىم بېسىملىق سۇ قاتلىمىنىڭ ئىشارەتلىك سىزمىسى

## 2. بۇلاقنىڭ ھاسىل بولۇشى

يەر ئاستى سۈيى يەر ئاستىدىكى سۇلۇق قاتلامدا ئېقىپ كېتىۋېتىپ ئۆزىگە لايىق يەر شەكلى، يەر تۈزۈلۈشى ۋە گىدرو گېئولوگىيىلىك شارائىتنى تاپقان ھامان ئۆزلۈكىدىن يەر ئۈستىگە ئېقىپ چىقىدۇ، مانا بۇ كىشىلەر دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان بۇلاق، بۇ ھال يەر ئاستى سۈيىنىڭ تەبىئىي ئېچىلىپ قېلىشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدا بۇلاقنى ھاسىل قىلىدىغان شارائىتلار خىلمۇ-خىل بولىدۇ، شۇڭا بۇلاقنىڭ تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، ئۇ بىرمۇنچە تاشقى ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ، بۇ ئامىللارنىڭ ئەڭ ئاساسلىقلىرى يەر تۈزۈلۈشى، يەر قىياپىتى، گىدرو گېئولوگىيىلىك شارائىت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن ئىبارەت.

ئادەتتە، تەكشىلىكتىكىگە قارىغاندا تاغلىق رايونلاردا بۇلاق كۆپ بولىدۇ، چۈنكى تاغلىق رايونلاردا تاغ جىنسلىرىنىڭ پۈرۈلۈشى، چوخچىيىشى ۋە كۆتىرىلىشى قاتتىقراق بولىدۇ، ئۆزۈلمىلەر پەيدا بولىدۇ، تاغ جىنسلىرى كۆپىنچە قاتتىق يىمىرىلىشنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ، يەر شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى زور بولىدۇ. بۇ ھادىسىلەر سۇلۇق قاتلامنىڭ كېسىپ تاشلىنىپ ۋە ئۈزۈپ تاشلىنىپ، ئېچىلىپ يەر يۈزىگە چىقىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ ھادىسىلەرنىڭ بەزىلىرى يەر ئاستى

سۇيىنىڭ ھەركىتىنى توسۇش رولىنى ئوينايدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەر ئاستى سۈيى يەر يۈزىگە چىقىپ قالىدۇ. دەرۋەقە، تاغلىق رايونلاردا يامغۇر-يېشىنمۇ كۆپرەك بولىدۇ. تۈزلەڭ رايونلارنىڭ كۆپىنچىسى چۆكمە رايون بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق رايونلاردا ئۇزاق گېئولوگىيىلىك يىللار داۋامىدا تۆنلەمچى دەۋرگە خاس ئاجايىپ قېلىن قۇم-شېغىل ۋە تاش-توپا قاتلاملىرى تىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، يەر تەكشى بولۇپ قالغان، سۇلۇق قاتلام ئاسانلىقچە يەر يۈزىگە بىۋاستە ئۆرلەپ چىقالمايدۇ، سۇ يالاپ كەتكەن ھاڭنىڭ قىرغاقلىرىدىلا، توپا قاتلىمىنىڭ بىردىنلا نېپىزلەپ كېتىشى بىلەن، يەر ئاستى سۈيى توسالغۇغا ئۇچراپ ئالدىغا ئاقالماي، يەر يۈزىگە ئېقىپ چىقىپ بۇلاق ھاسىل بولۇپ قالىدۇ، ياكى دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا شۇنىڭدەك جىلغا ھاسىل بولۇۋاتقان جايلاردا بۇلاق ئېچىلىپ قالىدۇ (2-رەسىم). بۇلاقنىڭ ھاسىل بولۇش خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، بىز ئۇنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىلغا ئايرىيمىز:

يالىما بۇلاق: دەريا سۈيى ئۈزلۈكسىز يالاپ تۆۋەنگە ئېقىپ، سۇلۇق قاتلامغا كېسىپ بارغاندا، يەر ئاستى سۈيى يەر يۈزىگە ئېقىپ چىقىپ بۇلاق ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق بۇلاق دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا بولىدۇ، ئۇ سۇنىڭ يالىشى بىلەن ھاسىل بولىدىغانلىقى ئۈچۈن يالىما بۇلاق دەپ ئاتىلىدۇ (3-رەسىم).

توسما بۇلاق: ئۆتكۈزمەس قاتلامنىڭ قىسمەن كۆتىرىلىشى بىلەن، يەر ئاستى سۈيى ئالغا قاراپ ئېقىپ كېتىۋېتىپ توسقۇن-

لۇقتا ئۇچراش نەتىجىسىدە يەر ئۈستىگە چىقىپ ھاسىل بولىدى-
غان بۇلاقلار توسما بۇلاق دەپ ئاتىلىدۇ (4-رەسىم).

تاشما بۇلاق: تاغ ئالدىدىكى تۈزلەڭ رايونلاردا، مەسىلەن، غەربىي شىمالدىكى گەنسۇ، شىنجاڭ رايونلىرىدىكى چۆللۈكلەر بىلەن ياپ- يېشىل يايلاقلار ئوتتۇرىسىدا، يەر ئاستى تاغ جىنسلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ياسىشى تۈپەيلىدىن، يەر ئاستى سۇيى ئالغا قاراپ ئاقالماي، يەرنىڭ ئۈستىگە تېشىپ چىقىپ بۇلاق ھاسىل بولىدۇ، بۇنداق بۇلاقلار كۆپىنچە كەڭ رايونلار بويىچە ھاسىل بولىدۇ ۋە تاغلىق ياقىسى بىلەن ئومۇمەن پاراللېل ھالدا جايلاشقان بولىدۇ. بۇنداق تاقىم بۇلاقلار تاشما بۇلاقلار دەپ ئاتىلىدۇ (4-رەسىم)، كەڭ رايونلار بويىچە ھاسىل بولغان تاقىم بۇلاقلار گىدرو گېئولوگىيە ئىلمىدە يەر ئاستى تاشما بەلبېغى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇچراشما بۇلاق: سۇلۇق قاتلام بىلەن ئۆتكۈزمەس قاتلام ئۇچرىشىدىغان جايدا، يەر ئاستى سۇيى تاغ جىنسلىرى قاتلىمىنى بويلاپ ئېقىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، سۇ چىقىپ كېتىش مۇمكىن بولىدىغانلىقى جايلاردىن يەر ئۈستىگە ئېقىپ چىقىپ




2-رەسىم يالىما بۇلاق



3-رەسىم توسما بۇلاق

بۇلاق ھاسىل قىلىدۇ، بۇنداق بۇلاق ئۇچراشما بۇلاق دەپ ئاتىلىدۇ (5 ـ رەسىم).

ئۈزۈلمە بۇلىقى: يەر قاتلىمىنىڭ غەيرى نورمال سىلجىپ كېتىشى بىلەن ھاسىل بولغان ئۈزۈلمە پارچىلىرىنىڭ سۇلۇق قاتلامنى كېسىپ يەر يۈزىگە چىقىرىۋېتىشى نەتىجىسىدە، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېقىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولىدىغان بۇلاق ئۈزۈلمە بۇلىقى دەپ ئاتىلىدۇ (6 ـ رەسىم).




5 ـ رەسىم ئۇچراشما بۇلاق




4 ـ رەسىم تاشما بۇلاق

بۇلاق سۈيى يەر يۈزىگە ئېقىپ چىقىدۇ، نېمە ئۈچۈن بەزى بۇلاقلارنىڭ سۈيى كۆپ، بەزى بۇلاقلارنىڭ سۈيى ئاز بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، سۇلۇق قاتلامنىڭ ھەجمى ۋە قېلىنلىقى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تولۇقلىنىپ تۇرىدىغان سۇنىڭ مىقدارى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ ھال بۇلاق سۈيىنىڭ قانچىلىك بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. سۇلۇق قاتلامنىڭ دائىرىسى كەڭ، قېلىنلىقى زور بولغان، يامغۇر كۆپ ياغىدىغان رايونلاردا ئېچىلىپ قالىدىغان بۇلاقلارنىڭ سۈيى كۆپ بولىدۇ، سۈيىنىڭ مىقدارىمۇ جىق ھەم تۇراقلىقراق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، بۇلاق سۈيى-

نىڭ مىقدارى ئاز بولىدۇ، ھەتتا بەزىدە بۇنداق بۇلاقلار سۈيى تارتىلىپ كېتىپ قۇرۇپ قالىدۇ.

ھاكتاش، مەرمەرتاش، ئاق چىرىمتال قاتارلىقلار بىلەن بويىن سۇنىڭ يالىشى تۇپەيلىدىن ئاسانلا لاۋا ئۆڭكۈرلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇنداق رايونلاردا لاۋا ئۆڭكۈر سۈيى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق تاغ جىنىسلىرىنىڭ ئېرىشچانلىغى كۈچلۈك بولىدۇ، تاش قاتلاملىرىنىڭ ئىچىدە بىر بىرى بىلەن ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئۆڭكۈرلەرمۇ ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، شۇڭا يامغۇر سۈيى ئۆڭكۈرگە قويماي سىڭىپ كېتىدۇ، سۇ يەر ئاستىدا ناھا-يىتى تېز ئاقىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، سۇنىڭ سىڭىشى تېز، ئېقىشى تېز بولىدۇ، ئېقىپ چىقىشىمۇ تېز بولىدۇ. ئۇ دائىم بۇلاق شەكلى بىلەن يەر يۈزىدە پەيدا بولىدۇ، بۇن-داق بۇلاق لاۋا بۇلىغى دەپ ئاتىلىدۇ (7-رەسىم). بۇنداق بۇلاقلارنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى سۈيىنىڭ كۆپ بولۇشىدۇر، ئومۇمەن بۇنداق بۇلاقلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سۈيى تاتلىق بولىدۇ. مەملىكىتىمىزدە چوڭ-چوڭ لاۋا بۇلاقلار ئىنتايىن




6-رەسىم ئۈزۈلمە بۇلىغى




7-رەسىم لاۋا بۇلىغى



www.uyghurkitap.com

كۆپ، بۇنداق يايلاقلار جەنۇبىي ئۆلكىلەرنىڭ ھەممىسىدە بار، گۇاڭشى، گۇيجۇ، يۈننەن، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكە (رايون)لاردا ھەممىدىن كۆپ، چوڭ يايلاقلارنىڭ بەزىلىرى يەر ئاستى دەرياسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شىمالىي رايوندا، شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنەن شەھىرىدىكى باۋتۇ بۇلىقى، خېيخۇ بۇلىقى...، شەنشى ئۆلكىسى تەييۈەن شەھىرىدىكى جىنسى بۇلىقى، شىنتۇ بۇلىقى، نياڭزىگۇەن بۇلىقى... قاتارلىق بۇلاقلارنىڭمۇ سۈيى ناھايىتى كۆپ. بۇلاقلارنىڭ بەزىلىرى تېخى خېلى مەشھۇر ئاسارە-ئەتىقە رايونى ۋە مەنزىرىلىك سەيلىگاھ بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

## 2. بۇلاق ئائىلىسى

بۇلاقنىڭ ئائىلىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بۇ ئائىلىدە ئاكا-ئۇكا ۋە ئاچا-سىڭىل قېرىنداشلار ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. يۇقۇرىدا بۇلاقلارنى ئۇلارنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى ۋە شەرتىگە قاراپ يالىما بۇلاق، توسما بۇلاق، تاشما بۇلاق، ئۇچراشما بۇلاق، ئۆزۈلمە بۇلىغى ۋە لاۋا بۇلىغى دىگەن تۈرلەرگە ئايرىدۇق. كىشىلەر بۇلاق سۈيىنىڭ تولۇقلىنىش مەنبەسىگە، سۇلۇق قاتلامنىڭ خاراكتىرىغا، بۇلاقنىڭ ئېچىلىپ قېلىش شەكلىگە ۋە سۈيىنىڭ كۆچىگە قاراپ، بۇلاقلارنى چۆكمە بۇلاق ۋە ئۆرلىمە بۇلاق دەپ ئىككى خىلغا ئايرىيدۇ. بۇنداق ئايرىشنىڭ زور ئەمەلىي ئەھمىيىتى بار.

### 1. چۆكمە بۇلاق

بۇنداق بۇلاق سۈيى بوزە سۇلۇق قاتلامدىن تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق يەر ئاستى سۈيى ئومۇمەن يۈزەرەك بولىدۇ، ئۈستىدە ئۆتكۈزمەس قاتلام بولمايدۇ، يامغۇر ياققاندا، سۇ تېزلا يەر ئاستى سۈيىنى تولۇقلايدۇ، خۇددى تاك دەۋرى

شىئىرلىرىدا ئېيتىلغىنىدەك: "تاغدا يامغۇر ياغسا بىر ئاخشام، پەيدا بولۇر بۇلاقلار هەر چامدام". بۇ شېئىردا بۇلاق سۈيىنىڭ مىقدارى ۋە هاراراتىنىڭ پەسىل ۋە كىلىماتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى چوڭقۇر بايان قىلىپ بېرىلگەن. بۇنداق ئۆزگىرىش ئىنتايىن روشەن بولىدۇ، يامغۇر ـ يېشىن كۆپەيگەن چاغدا، بۇلاقنىڭ سۈيىمۇ تازا ئۇلغىيىپ ئاقىدۇ، قۇرغاقچىلىق بولغاندا، بۇلاقنىڭ سۈيىمۇ ئازىيىپ كېتىدۇ، ئەگەر يامغۇر ياغماي، ئۇزۇن مۇددەت قۇرغاقچىلىق بولىدىغان بولسا، بۇلاقمۇ قۇرۇپ كېتىدۇ. بۇنداق بۇلاقلارنى چۆكمە بۇلاق دەپ ئاتىشىمىزنىڭ سەۋەبى



8 ـ رەسىم چۆكمە بۇلاقنىڭ تۈزۈلۈشى

شۇكى، بۇنداق يەر ئاستى سۈيى بۇلاق كۆزىدىن ئۆزلۈكىدىنلا ئېقىپ چىقىدۇ ياكى يەر يۈزىگە ئاستا ـ ئاستا سىرغىپ چىقىدۇ، بېسىمى بولمايدۇ، سۇ بۇلاقتا (ياكى ئازگالدا) جىمجىت تۇرىدۇ، بۇژغۇنلىمايدۇ ۋە كۆپۈكلەنمەيدۇ (8 ـ رەسىم). بۇنداق بۇلاقلار ناشما بۇلاق، يالما بۇلاق، ئۇچراشما بۇلاق ۋە توسما بۇلاق قاتارلىق بۇلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 2. ئۆرلىمە بۇلاق

بۇ باش تەرىپى بىسىمغا ئۇچراپ تۇرىدىغان يەر ئاستى سۈيى بىلەن تولۇقلىنىدىغان بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىمۇ، ئاستىدىمۇ ئۆتكۈزمەس قاتلام بولىدۇ، بۇنداق بۇلاقنىڭ سۇلۇق قاتلىمى بىسىمغا ئۇچرايدىغان سۇلۇق قاتلام بولۇپ ھساپلىنىدۇ (بۇنىڭ بەزىلىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئاقىدىغان سۇ قاتلىمى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ).

يەر ئاستى سۈيى ئۆزىنىڭ ۋە يەر قاتلىمىنىڭ بىسىمىغا قاتتىق ئۇچرايدۇ، شۇڭا بۇنداق يەر ئاستى سۈيى سىرەر يوچۇق، يېرىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يول تېپىۋالسىلا يەر ئۈستىگە ئۆرلەپ چىقىدۇ، شۇڭا بۇنداق بۇلاقلار ئۆرلىمە بۇلاق دەپ




9 ـ رەسىم ئۆرلىمە بۇلاقنىڭ تۈزۈلۈشى




10 ـ رەسىم چۆكمە بۇلاق ۋە ئۆرلىمە بۇلاقنىڭ ئىشارەتلىنىش سىزمىسى

ئاتىلىدۇ. ئۆرلىمە بۇلاقنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئۇنىڭ سۈيى يەر ئاستىدىن يۇقۇرىغا ئۆرلىگەندە بۇژغۇنلايدۇ ۋە كۆپۈك چىقىرىدۇ. يەر ئاستى سۈيى قانچە قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىسا، يۇقۇرىغا ئۆرلەپ چىقىدىغان سۇنىڭ مىقدارىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ، سۇ ئورنىمۇ شۇنچە يۇقۇرى بولىدۇ (9-رەسىم). بۇنداق بۇلاقلارنىڭ سۈيىنىڭ مىقدارى، ھارارىتى ۋە سۈپىتى چۆكمە بۇلاقنىڭكىدىن مۇقىم بولىدۇ، ئادەتتە پەسىل ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۆزۈلمە بۇلغىنى ئالساق، بۇنداق بۇلاقلار سۈيى ئويمانلىقلارغا، يانتولۇقلارغا ئۆزلۈگىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان سۇلۇق قاتلامنىڭ دەريا ۋە جىلغىلار تەرىپىدىن كېسىپ تاشلىنىشى بىلەن ھاسىل بولغان بولىدۇ. بۇنداق بۇلاقلارنىڭ سۈيىنىڭ مىقدارىمۇ، بېسىمىمۇ يۇقۇرىراق بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ ئۆزلۈگىدىن ئاقىدۇ، شۇڭا بۇنداق يەر ئاستى سۈيى ئەمىلىي جەھەتتە بىرقەدەر مۇھىم قىممەتكە ئىگە. ئۆرلىمە بۇلاق بار جايلاردا ئارتىزان قۇدۇقلىرىنى قېزىشقا بولىدۇ.

بۇلاقلارنى سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسىغا قاراپ، سوغاق بۇلاق، ئارشاڭ بۇلاق ۋە ئىسسىق بۇلاق دىگەن ئۈچ تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ.

سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 20°C تىن تۆۋەن بولغان بۇلاقلار سوغاق بۇلاق بولىدۇ.

سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 20°C تىن يۇقۇرى، 37°C تىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تۆۋەن بولغان بۇلاقلار ئارشاڭ بولىدۇ.

سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 37°C تىن يۇقۇرى بولغان بۇلاقلار ئىسسىق بۇلاق بولىدۇ.

ئارشاڭدىن قىش كۈنى ئىسسىق هور چىقىپ تۇرىدۇ، سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يىل بويى ئۆزگەرمەيدۇ. ئارشاڭ سۈيىنىڭ ئىسسىقلىقى ئاساسەن يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن كېلىدۇ، هازىر مەلۇم بولدىكى، 100 كىلومېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يەر قاتلىمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 1000°C تىن ئارتۇق، يەر مەركىزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 5000°C — 6000°C دەپ مۆلچەرلەنمەكتە. يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى بۇنداق ئىسسىقلىق مەنبەسى ئادەتتە دېيىلىپ كېلىۋاتقان يەر ئىسسىقلىقى ئېنېرگىيىسى شۇ. ئۇ ۋولقاننىڭ پارتلىشى، لاۋا هەركىتى ۋە ئۆزۈلمە تاش قاتلىمى ئارقىلىق يۇقۇرىغا چىقىدۇ ۋە تارقىلىدۇ. يامغۇر سۈيى، قار سۈيى، يەر ئۈستى ۋە يەر تېگىدىكى سۇلار يەر قاتلىمىدىكى يوچۇق ۋە يېرىقچە بەلباغلارنى بويلاپ تۆۋەنگە قانچە چوڭقۇر سىڭسە، سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسمۇ شۇنچە يۇقۇرى بولىدۇ. يەر ئاستى ئىسسىق سۈيى ئەنە شۇنداق هاسىل بولىدۇ، يەر ئاستىدىكى بۇنداق ئىسسىق سۇ يەر يۈزىگە ئېقىپ




11 ـ رەسىم ئارشاڭنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى

چىقسا ئارشاڭ بولىدۇ (11-رەسىم). ئارشاڭ سۇيىنىڭ يېرىمىسىن كۆپرەگى يەرگە سىڭگەن يامغۇر سۇيى ۋە يەر ئاستى سۇيىنىڭ ئايلىنىپ يۈرۈپ يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا كىرىشى بىلەن شەكىللەنگەن بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزۈن سەپىرىدە قىسما-قىسما تاشلارغا ئۇچراش ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك تەسىرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق جەزمەن بەزى ئالاھىدە خىمىيۋى تەركىپلەر، ئورگانىك ماددا ۋە گازغا ئىگە بولىغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنداق بۇلاق-لارنىڭ تولىسى كۆپىنچە مىنېراللىق بۇلاق ھېساپلىنىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە تەخمىنەن 2400 دىن ئارتۇق ئارشاڭ بار. ئۇلارنىڭ جايلىشىشى روشەن ھالدا رايون خاراكتېرلىق خۇسۇ-سىيەتكە ئىگە، يەنى ئۇلارنىڭ جايلىشىشى بىلەن يەر ئىسسىق-لىغىنىڭ جايلىشىشى تامامەن بىردەك بولىدۇ (12-رەسىم).

تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى، مەملىكىتىمىزدە ئارشاڭ ۋە ئىسسىق سۇ ئاساسەن شىزاڭ رايونى، يۈننەننىڭ غەربىي قىسمى ۋە تەيۋەنگە زىچ جايلاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جايلاردىكى ئارشاڭلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئومۇمى يۇقىرى بىرقەدەر يۇقۇرى؛ مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز ياقىسى رايونلىرىدا ئارشاڭ گەرچە كۆپرەك بولسىمۇ، لېكىن تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنرەك.

شىزاڭدىكى ياڭباجىڭ رايونى ۋە يۈننەندىكى تېڭچۇڭ رايونى ئىسسىق ئارشاڭ رايونىغا كىرىدۇ، بۇ يەرلەردىكى بەزى ئارشاڭ-لارنىڭ سۇيىنىڭ ھارارىتى قايناش نۇقتىسى (90°C — 105°C)

دىن ئاشىدۇ، ئۇلارنىڭ سۈيى بەئەينى قايناۋاتقان سۇغا ئوخشاش قايناق، بۇ بۇلاقلار قايناق بۇلاق ۋە پورۇقلىما بۇلاق بولۇپ، ھەتتا چارۋا ماللارنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. شىزاڭدىكى يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسىنىڭ بەزى ئېقىنلىرىدا دائىم دەريادىكى بېلىقلارنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان، سۈيى بۇلدۇقلاپ قايناپ تۇرىدىغان بىرمۇنچە ئارشاڭلار بار. يۈننەندىكى تېڭچۇڭ رايونى ئاساسەن يانار تاغ رايونى بولۇپ، ئۇ مەشھۇر "ئارشاڭلىق يۇرت" ھېسابلىنىدۇ، شىمالدىن جەنۇبقا 115 كىلومېتىر كېلىدىغان، شەرقتىن غەربكە 55 كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرە ئىچىدىلا 79 ئىسسىق بۇلاق بار، ئۇلارنىڭ كۆپىن-



12-رەسىم مەملىكىتىمىزدىكى ئارشاڭ ۋە ئىسسىق سۇنىڭ جايلىشىشى

چىسى يۇقۇرى ھارارەتلىك بۇلاق، ئۇ يەردىكى ھەر بىر كونا ۋولقان ئېغىزى ھازىر ئارشاڭ بولۇپ قالدى دېيىشكە بولىدۇ. بەزى ئۆزۈك بەلباغلاردا ھورنىڭ پۇرقۇپ چىقىشى، سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى، ئىسسىق سۇنىڭ پۇرۇقلاپ قاينىشى بىلەن شۇ بەلباغ ئاستىدا ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازى قوشۇلۇپ، بەئەينى پولات زاۋۇدىدىكى ئەھۋالغا ئوخشاش قىزىق ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. تەيۋەندىمۇ ئارشاڭ ناھايىتى زىچ جايلاشقان بولۇپ، جەمئىي 100 نەچچە ئارشاڭ بار؛ شەرقىي جەنۇپتىكى دېڭىز ياقىسى رايونلىرىدا 700 دىن ئارتۇق ئارشاڭ بار؛ لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى بىلەن شەندۇڭ يېرىم ئارىلىدا 40 تىن ئوشۇق ئارشاڭ بار. ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرىلىرىدە يۇقۇرى ھارارەتلىك بىرمۇنچە ئارشاڭ بۇلاقلار "گويا قايناۋاتقان قازانغا ئوخشايدۇ"، "گويا پۇرۇقلاپ تۇرغان قايناق سۇغا ئوخشايدۇ"، "ئىسسىقلىقىدىن توخۇ-ئۆردەكمۇ پىشىدۇ"...دىگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن تەسۋىرلەنگەن، بۇ تەسۋىرلەر بۇلاقلارنىڭ سۈيىنىڭ ھايۋاناتلارنىڭ گۆشى پىشىدىغان دەرىجىدە قىزىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇنىڭدىن 1 مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى شىمالىي ۋېيمى سۇلالىسى دەۋرىدە لى داۋيۈەن دىگەن بىر كىشى ئۆتكەن، ئۇنىڭ «سۇ دەستۇرىغا ئىزاھ» دىگەن ئەسىرىدە ئارشاڭغا دائىر بىرمۇنچە خاتىرىلەر بار.

بۇلاقلارنى سۈيىدىكى خىمىيىلىك تەركىپلەرگە قاراپ، تاتلىق سۇ بۇلىغى ۋە مىنېرالىق بۇلاق دىگەن ئىككى تۈرگە

ئايرىشقىمۇ بولىدۇ.

ئەمدى مىنېرالliq بۇلاقلارنى ئۇقتىلىق تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. مىنېراللىق بۇلاق ئارشاڭ بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ئۇ داۋالاش ئەھمىيىتىگە ئىگە يەر ئاستى سۈيى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇنداق بۇلاقنىڭ سۈيى يەر ئاستىدىكى سۇلارنىڭ يەر پوستىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئايلىنىپ يۈرۈشى جەريانىدا ھاسىل بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپىنچە، مەلۇم مىقداردىكى خىمىيىۋى تەركىپلەرنى، ئورگانىك ماددىلارنى ۋە گازلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. ياكى خېلىلا يۇقۇرى (20°C تىن يۇقۇرى) ھارارەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق مىنېراللىق بۇلاق سۈيى ئادەم ئورگانىزمىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك رولىغا تەسىر كۆرسىتىپ، بەزى كېسەللەرنى ساقايتالايدۇ. مەسىلەن، رېماتىزىم، نېرۋا ئاجىزلىقى، تېرە كېسەللىگى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللەرنى ساقايتالايدۇ. ئەگەر بۇلاق سۈيىنىڭ تەركىۋىدە خىمىيىلىك تەركىپ مۇۋاپىق بولىدىغان بولسا، بۇنداق بۇلاق سۈيى ناھايىتى تەملىك بولىدۇ، شۇنداقلا ئادەم ئورگانىزمىغا پايدا قىلىدۇ. مەسىلەن، چىڭداۋدىكى لاۋشەن مىنېراللىق بۇلىقىنىڭ سۈيىدە ئىئونلاشقان كاربون IV ئوكسىدى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر ھەر بىر لىتىر بۇلاق سۈيىنىڭ تەركىۋىدىكى مىنېرال ماددىلارنىڭ نىسبىتى 10 گىرامدىن ئاشىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن يوت، بىروم...ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سانائەت

خام ئەشيالىرىنى چەككىلەپ ئىلىشقا بولىدۇ. لېكىن تەمى غەلىتە بولغان بۇلاق سۇلىرىمۇ بار، بەزىلىرى سېسىق، ئاچچىق، قىرتاق، تۇزلۇق...بولىدۇ. بۇ ھال شۇ سۇنىڭ تەركىۋىدە ھىدروگېن سۇلفىد، ماگنىي، كالىي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بەزى ئالاھىدە خىمىيىلىك تەركىپلەرنىڭ بولغانلىقىدىن بولىدۇ.

ئۇنداق بولسا، تاتلىق سۇ بىلەن مىنېراللىق سۇنى قانداق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ؟ تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراپ پەرق ئەتكىلى بولىدۇ:

| تەركىۋى | تاتلىق سۇ بىلەن مىنېراللىق سۇنىڭ چېگرىسى (گىرام/لىتىر) |
|---|---|
| ئىئونلاشقان كاربون IV ئوكسىدى $CO_2$ | 0.25 |
| ھىدروسۇلفىد | 0.001 |
| رادون | 3.5 (ماخەي بىرلىگى) |
| لىتىي | 0.001 |
| فتور | 0.001 |
| بروم | 0.005 |
| يوت | 0.001 |
| بور كىسلاتاسى | 0.005 |
| رادىي | $<10^{-11}$ |

ئىزاھات: ئومۇمەن يۇقۇرىدىكى مىقدار ئۆلچىمىدىن ئاز بولغانلىكلىرى تاتلىق سۇ بولىدۇ، ئومۇمەن يۇقۇرىدىكى مىقدار ئۆلچىمىدىن كۆپ بولغانلىكلىرى مىنېراللىق سۇ بولىدۇ.

مىنېراللىق بۇلاقلار پەۋقۇلئاددە يەر تۈزۈلۈشى، گىدرو

www.uyghurkitap.com

گېئولوگىيىلىك شارائىت ئاستىدا ھاسىل بولغان بولىدۇ. ئۇلارنى ئۆزىنىڭ خىمىيىلىك تەركىۋى ۋە خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ئادەتتە تۆۋەندىكىدەك 4 خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

(1) كاربون كىسلاتاسلىق بۇلاق: بۇنداق بۇلاقلار ئاساسەن يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى يېقىنقى زامان لاۋىلىرى كۆپرەك ھەركەتلىنىپ تۇرىدىغان جايلاردا بولىدۇ، بۇنداق بۇلاقلارنىڭ سۇيىدىكى كاربون كىسلاتاسى گازى سۇپەت ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان بولىدۇ، ئۇنىڭ سۇيىنىڭ خىمىيىلىك تەركىۋى ھەر خىل-ھەر ياڭزا بولىدۇ.

(2) ئازوتلۇق بۇلاق: بۇنداق بۇلاقلار يامغۇرنىڭ ئاتموسفېرادىكى ئازوت گازلىرىنى يەر ئاستى سۇيىگە ئېلىپ كېلىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان بولىدۇ، سۇيىنىڭ خىمىيىلىك تەركىۋى مۇرەككەپرەك بولىدۇ.

(3) سۇلفىدلىق بىرىكمىلەر بولغان بۇلاق: بۇنداق بۇلاقلارنىڭ سۇيىنىڭ تەركىۋىدە رادون مېتان ياكى مېتان سۇيى بولىدۇ، گاز ئورگانىك ماددىلاردىن كېلىدۇ. بۇنداق بۇلاقلارنىڭ كۆپىنچىسى بەزى نېفىتلىك يەر قاتلاملىرىدا بولىدۇ، ياكى قاراماي، تورف...ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر چىقىدىغان يەر قاتلاملىرىدا بولىدۇ، بۇنداق بۇلاقلارنىڭ سۇيى سېسىق بولۇپ، گۈڭگۈرتلۈك بۇلاق دەپ ئاتىلىدۇ.

(4) رادىئاكتىپلىق بۇلاق: بۇنداق بۇلاقنىڭ سۇيىدە ئاساسەن رادون ۋە رادىيغا ئوخشاش رادىئاكتىپ ئېلېمېنتلار بولىدۇ.

# 3. بۇلاق قىممەتلىك بايلىق

## 1. بۇلاق سۈيىنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى پايدىسى

بۇلاق سۈيى قىممەتلىك يەر ئاستى سۇ بايلىقى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، قۇدۇق قېزىلمىسىمۇ، سۇ ئۆزى يەر ئاستىدىن چىقىۋېرىدۇ، يىل بويى توختىمايدۇ، سۈزۈك ھەم پاكىز بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ كېلىۋاتقىنىغا ناھايىتى ئۇزۇن زامان بولدى. تاڭ، ياۋ دەۋرلىرىدىلا "قۇدۇق قازساڭ سۇ ئىچەرسەن"، "يەر تېرىساڭ ئاش يەرسەن" دىگەن سۆزلەر بار ئىكەن، دىمەك، ئەينى زاماندا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەن، شۇنداقلا كىشلەر يەر ئاستىدا سۇ بارلىقىنى، بۇلاق سۈيىنىڭ يەر ئاستىدىن تەبىئى ئېقىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلگەن ھەمدە بۇنىڭ ئىلھامى بىلەن قەدىمقىلار قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقارغان. ئەگەر بۇلاق سۈيى يىل بويى توختىماستىن ئېقىۋەرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ئىستىمالىنى قالدۇرغان بولسا، قەدىمقىلار ئۆزلۈگىدىن قۇدۇق قازمىغان بولاتتى. دىمەك، "قۇدۇق قېزىپ سۇ ئىچىش"

باشلىنىشتىن ئىلگىرىلا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ تەبىئى ئېچىلىپ قالغانلىرىدىن — بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىش ئىشى كەڭ تۈردە يولغا قويۇلغان، چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى مۇشۇنداق بۇلاق سۈيىگە ياكى دەريا سۈيىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلغان.

مىلادىدىن 100 يىلچە ئىلگىرىلا شىنجاڭ، گەنسۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قۇرغاق رايونلاردا، بۇلاق سۈيىنىڭ سىرغىپ چىقىدىغانلىقىغا ئاساسەن، يەر ئاستى سۇلىرى بىر بىرىگە ئۆتۈشىدىغان قۇدۇقلار ۋە كارىزلار (13-رەسىم) قېزىلغان، بۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇلاق سۈيىنى سۈنئىي يول بىلەن باشلاپ كېلىش ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى بىلەن، ئېچىپ پايدىلىنىلىدىغان يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى.

مەملىكىتىمىزنىڭ يەر ئاستى سۈيى بايلىقى بىرقەدەر مول. مۆلچەرلىنىشچە، ھەر يىلى ئاتموسفېرادىن ياغىدىغان يېغىن (يامغۇر ۋە قار)نىڭ يەرگە سىڭىپ كىرىدىغان سۇ مىقدارى تەخمىنەن 800 مىليارت كۇپ مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمسال تۇپا قاتلىمىنىڭ يوچۇقلىرىغا سىڭىپ كىرىدىغان يەر ئاستى سۈيى تەخمىنەن 300 مىليارت كۇپ مېتىر، ئاساسىي تاغ جىنسلىرى يېرىقلىرىغا سىڭىپ كىرىدىغان يەر ئاستى سۈيى تەخمىنەن 300 مىليارت كۇپ مېتىر، ھاكتاشلىق ئۆڭكۈرلەرگە سىڭىپ كىرىدىغان يەر ئاستى سۈيى تەخمىنەن 200 مىليارت كۇپ مېتىر.

بۇنداق يەر ئاستى سۇلىرى توپا قاتلىمى ۋە تاش قاتلىمىنىڭ يوچۇقلىرىدا، يېرىقلىرىدا ۋە لاۋا ئۆڭكۈرلىرىدە توختىماي ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ، مۇۋاپىق جاي ۋە شارائىت بولسىلا، بۇلاق كۆزىدىن يەر ئۈستىگە چىقىپ دەريالارغا قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسمى يەر سۇغىرىش ئۈچۈن ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە تارتىپ كېتىلىدۇ؛ بىر قىسمى زاۋۇت-كان ۋە شەھەر-بازارغا تارتىلىپ، سانائەت ۋە خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. يەنە بىر قىسمى پارغا ئايلىنىدۇ ياكى دېڭىزغا قويۇلىدۇ-دە، سۇنىڭ كېلەر قېتىملىق ئايلىنىشىغا قاتنىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەر ئاستى سۈيىنىڭ سىرتقا چىقىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق شەكلى بۇلاق دېيىشكە بولىدۇ. بىرمۇنچە دەريالارنىڭ سۈيىنىڭ مەڭگۈ قۇرۇمايدىغانلىقىدىكى سەۋەپ شۇكى، مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن بۇلاقلارنىڭ سۈيى ئۇنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، بۇلاقنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان سۇنىڭ مىقدارىمۇ ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، زادى قانچىلىك بۇلاق بارلىقىنى ئومۇمى يۈزلۈك ھىساپلاپ چىقىش قىيىن.



13-رەسىم ھىنجاڭ كارىزلىرى

مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى سەنشى، شەندۇڭ ئۆلكىلىرى بۇلاق ئەڭ كۆپ بولغان، بۇلاقلارنىڭ سۈيىمۇ خېلى جىق

بولغان ئۆلكه بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. جه‌نۇبىي رايونلاردا يامغۇر-
يېغىن كۆپ بولغانلىقتىن، بۇ رايونلاردىكى ئۆلكىلەردىمۇ
بۇلاق خېلى كۆپ، لېكىن بۇلاق سۇيىدىن پايدىلىنىش شىمالدىكىگە يەتمەيدۇ. گىدرو گېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ نەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، سەنشى ئۆلكىسى بويىچە 160 مىڭ كۇۋادىرات كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە، ھەر يىلى ياغىدىغان يامغۇرنىڭ يەر ئاستىغا سىڭىپ يەر ئاستى سۇيىنى تولۇقلايدىغان مىقدارى تەخمىنەن 12 مىليارت كۇپ مېتىر ئىكەن، ھەر يىلى ئۆلكە بويىچە بۇلاقتىن يەر ئۈستىگە چىقىدىغان يەر ئاستى سۇيى 7 مىليارت كۇپ مېتىرغا يېقىن كېلىدىكەن. باشقا يەر ئاستى سۇيىنىڭ كۆپىنچىسى كىشىلەرنىڭ قۇدۇق قېزىشى، بۇلاقنى كېڭەيتىشى ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىلىپ، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىلىدىكەن، يەنە بىر قىسمى يەر ئاستىدا ئېقىپ يۈرىدىكەن ياكى پارغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن.

ھازىر سەنشى ئۆلكىسىدىكى چوڭ-كىچىك بۇلاقلارنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەكلا پايدىلىنىلىدىكەن، چەت-ياقا جايلاردىكى ئايرىم چوڭ بۇلاقلاردىن، مەسىلەن، لىيۇلىن بۇلىقى، تيەنجياۋ بۇلىقىدىن تېخى بىۋاستە پايدىلىنىلمايدىكەن. تەكشۈرۈش مەلۇماتىغا قارىغاندا، پۈتۈن سەنشى ئۆلكىسىدە سېكۇنتىغا 10 لىتىردىن ئارتۇق سۇ چىقىپ تۇرىدىغان بۇلاقتىن 250 نەچچىسى بار ئىكەن. سېكۇنتىغا 1 كۇپ مېتىردىن ئارتۇق سۇ چىقىپ تۇرىدىغان بۇلاقتىن 20 سى بار ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن

چوك بۇلاق ــ مەشھۇر نياگزىگوەن لاۋا بۇلغىدىن سىكۇنتىغا 13 كۇپ مېتىر سۇ چىقىپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ سۈيى ملیون نوپۇسلۇق شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىستىمال ئېھتىياجىنى قامدىيالايدىكەن، ياكى تەخمىنەن ئون ملیون مو ئېتىزنى سۇغىرىشقا يېتىدىكەن، ئەگەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلىدىغان بولسا، ئون نەچچە ملیون كىلوۋات توك چىقىرىشقا بولىدىكەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇلاق سۈيى خەلق تۇرمۇشىدا بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشىدا ۋە يېزا ـ قىشلاق ئىگىلىگىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم بولىدىكى، جەنۇبىي رايونىدىكى سىچۇەن ئۆلكىسىدە تەخمىنەن 2 مىڭ 500 بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەر يىلى چىقىدىغان سۇنىڭ مىقدارى ئون نەچچە ملیارت كۇپ مېتىرغا يېتىدۇ. ھازىر بۇ بۇلاقلارنىڭ سۈيىدىن مۇشۇ جايدىكى خەلق ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە پايدىلىنىۋاتىدۇ، مەسىلەن، كىشىلەر ئۇنى ئىچىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلاق سۇغىرىدۇ، بۇلاق سۈيىنىڭ چىقىش ئىگىزلىگىگە ۋە مىقدارىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈگىگە قاراپ، ئۇنى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرگە باشلاپ يەر سۇغىرىدۇ، تۈگمەن چۆرۈيدۇ، توك چىقىرىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى چارۋىچىلىق تەرەققىي قىلغان 10 ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايونىنىڭ يايلاق كۆلىمى

تەخمىنەن 5 مىليارت 3 يۈز مىليون مو بولۇپ، بۇنىڭ تەخمىنەن 1 مىليارت نەچچە يۈز مىليون موسىدا ئوت-چۆپ ۋە سۇبولمىغانلىغى ئۈچۈن چارۋا بېقىش مۇمكىن ئەمەس. پەقەت 3 مىليارت نەچچە يۈز مىليون موسىدىلا پايدىلىنىشقا بولىدۇ، چۈنكى بۇ يەرلەردە بۇلاق سۈيى ۋە قىسمەن دەريالار بار. بۇنىڭ ئىچىدە بۇلاق سۈيى ئەڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭ، چىڭخەي، گەنسۇ، ئىچكى موڭغۇل... قاتارلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بۇلاق كۆپ جايلاشقان جايلىرىدا ئوت-چۆپ ئوبدان ئۆسىدۇ، چارۋا سەمرىيدۇ. شىنجاڭدىكى تيانشان تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا، گەنسۇدىكى چىليەنشەن تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا قارنىڭ ئېرىشى بىلەن ھاسىل بولغان سۇ چۆللۈكلەرگە سىڭىپ، يەر ئاستى سۈيىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. تاغنىڭ ئالدىنقى قىرغاقلىرىدا يەنى بوستانلىق جايلاردا بولسا بۇ سۇ بۇلاق شەكلى بىلەن يەر ئۈستىگە كۆپلەپ چىقىپ تۇرىدۇ، بۇ سۇنىڭ بىر قىسمى يىغىلىپ دەريا ھاسىل قىلىدۇ (14-رەسىم). بۇ سۇنىڭ يەنە بىر قىسمى تاش يېرىقلىرى ئارقىلىق ئېقىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە جىلغىلاردا بۇلاق پەيدا بولۇپ قالىدۇ. شىنجاڭدىكى بورلۇق تېغىنىڭ تاشلىرى ئارىسىدا يېرىقلار كۆپ، بۇ يەرگە بۇلاق كۆپرەك جايلاشقان، بۇ بۇلاقلارنىڭ سۈيىمۇ كۆپ، ئادەتتىكى بۇلاقلاردىن سېكۇنتىغا 1-3 لىتىر سۇ چىقىدۇ، چوڭ بۇلاقلاردىن سېكۇنتىغا 5 لىتىر سۇ چىقىدۇ، زىچ جايلاشقان تاقىم بۇلاقلاردىن

سىكۇنتىغا ھەتتا 50 ـ 60 لىتىر سۇ چىقىدۇ. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى سۇنىت ئوڭ خوشۇنىنىڭ ئۇلان ئۈرۈگ جىلغىسىدىكى بارخانلارنىڭ تۆۋىدە بىرمۇنچە تاشما بۇلاقلار بار، بۇ بۇلاقلاردىن ھەر كۈنى 28 كۇپ مېتىر سۇ چىقىدۇ، كۆكتوغ خوشۇنىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى دولاننور رايونىنىڭ كۆپ قىسمى قۇملۇق رايون بولۇپ، بۇ رايوندىكى لاۋا جىنىسلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىمۇ بۇلاق ناھايىتى كۆپ، ئادەتتىكى بۇلاقلاردىن كۈنىگە 1 كۇپ مېتىردىن 240 كۇپ مېتىرغىچە سۇ چىقىدۇ. بۇ يەردە يەرلىك ئاھالە لۇڭچۈەن بۇلىقى (سۇ مۇئەككەللىك بۇلىقى) دەپ ئاتايدىغان بىر بۇلاق بار، ئۇ مەشھۇر بۇلاق بولۇپ، يىراق ـ يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى بىلىدۇ، بۇ چارۋا بېقىشقا ئەپلىك ئوبدان جاي.

بۇ بۇلاقلارنىڭ سۈيى مەملىكىتىمىزنىڭ كەڭ غەربىي شىمال قۇرغاق رايونىدا چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىماقتا. بۇ رايونلاردا ھاۋا ئىنتايىن قۇرغاق، پارغا



14 ـ رەسىم كەلكۈن سۈيى يىغىلىپ قالىدىغان جاينىڭ ئالدى قىرغىقىدىكى تاشما تاقىم بۇلاقلار

ئايلىنىش ئىنتايىن كۈچلۈك، سۇنىڭ يەر ئۈستىدە ساقلىنىشى تەس، يەنە كېلىپ بۇلاق سۈيى چوڭقۇر يەر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان، ئۇ ئاساسى جەھەتتىن ھىچقانداق تاشقى تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ. بۇلاق سۈيى كەڭ غەربىي شىمال رايونىدا ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسە ھىساپلىنىدۇ، قېلىن قار يېغىلغان، كۆك مۇزلۇق ئېگىز تاغلار بولغانلىقى ۋە ئاتموسفېرا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، سۇ مىقدارى يەنىلا كاپالەتكە ئىگە.

## 2. مىنېراللىق بۇلاق سۈيى كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ

مەملىكىتىمىزنىڭ مىنېراللىق بۇلاق بايلىقى ئىنتايىن مول، مەملىكىتىمىز دۇنيا بويىچە مىنېراللىق بۇلاق ھەممىدىن كۆپ جايلاشقان مەملىكەت. داۋالاش ئەمەلىيىتى مىنېراللىق بۇلاق سۈيىنىڭ بىرقانچە خىل كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. دېمەك، مىنېراللىق بۇلاق خەلق ئىگىلىكى جەھەتتە يۇقىرى قىممەتكە ھەمدە داۋالاش ئەھمىيىتىگە ئىگە ئېسىل بۇلاق بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزدە مەلۇم بولغان مىنېراللىق بۇلاق 1 مىڭ 700 دىن ئارتۇق بولۇپ، ھەممىسى ئىشلىتىلىش جەھەتتە ئىنتايىن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مىنېراللىق بۇلاقنىڭ كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدىغانلىقىنى كىشىلەر بۇنىڭدىن خېلى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا بىلگەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر تېۋىپ-دورىگەر لى شىجېننىڭ «دورا ئۆسۈملۈك-

لىرى تەپسلاتى» دىگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: ”لۇشەندىكى ئارشاڭ سۈيى تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە ئىسسىق تۇرىدۇ، ئۇ ئاساسەن ئۇگە ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، قوتۇر، يەلتاشما كېسەللىرىگە گىرىپتار بولغانلار ئارشاڭ كۆلچىكىدە يۇيۇنۇپ تەرلىسە، ئون نەچچە كۈندىلا ساقىيىپ قالىدۇ...“. لۇشەن ئارشىڭى مىنېراللىق بۇلاق تىپىگە كىرىدۇ، ئۇ خۇاڭلۇڭشەن تېغىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان، شۇڭا قەدىمقى كىشىلەر ئۇنى ”خۇاڭلۇڭ ئارشاڭ شىپاخانىسى“ دەپ ئاتايتتى، بۇ نام ھازىرقى ئارشاڭ ساناتورىيىسى دىگەن نامغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئارشاڭ ئۆزۈلمە بۇلغى بولۇپ، يەر ئاستى سۈيى يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر قىسمىدىن ئازوت، ئوكسىگېن ۋە ھىدروگېن سۇلفىد قاتارلىق تەركىپلەرنى ئېلىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مىنېراللىق بۇلاقنىڭ سۈيى تېرە كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. ھازىر بۇ يەر خېلى چوڭ ساناتورىيىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئۇنىڭدىن قالسا، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى ئارشان مىنېراللىق بۇلىقىمۇ ئىنتايىن مەشھۇر، ئۇنىڭ سۈيى يانار تاغ جىنىسلىرى ئارىسىدىن ئېقىپ چىقىدۇ، تېمپېراتۇرىسى 46°C قا يېتىدۇ، بۇ ئارشاڭنىڭ 48 كۆزى بار. بۇ ئارشاڭنىڭ سۈيى رېماتىزىم، نېرۋا ئاجىزلىقى، تېرە كېسەللىكى ۋە ئاشقازان كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ (مىنېراللىق بۇلاق سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ)، بولۇپمۇ ئاياللار كېسىلىگە بەك پايدا قىلىدۇ. يۈرەك كېسىلىگە، يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلىگە ۋە باشقا

كېسەللەرگە ئوبدان پايدا قىلىدىغان مىنېراللىق بۇلاقلارمۇ بار. ئۆتمۈشتە بىرمۇنچە كىشىلەر بۇلاق سۈيىنىڭ نېمە ئۈچۈن كېسەلگە داۋا بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەۋلىيا بۇددىساتىۋا بۇلاق سۈيىگە شىپالىق دورا سەپكەن دەپ خاتا چۈشىنەتتى. شۇڭا كىشىلەر بۇنداق مىنېراللىق بۇلاقلارغا بىرمۇنچە خۇراپىي ئىسىملارنى، مەسىلەن، ئىلاھ كۆلچىكى، ئىلاھ بۇلىقى، شىپالىق سۇ، زەمزەم سۈيى، قىممەتلىك ئېرىتمە، دورىلىق بۇلاق...دېگەنگە ئوخشاش نامىلارنى قويۇپ قويغان. بەزى جايلاردا تېخى دورىگەرلىك خۇداسى بۇددىساتىۋاغا چوقۇ-نۇش ئۈچۈن بۇلاقنىڭ يېنىغا بۇتخانا سېلىنغان. ئەمەلىيەتتە، بۇلار مىنېراللىق بۇلاقلارنىڭ ھاسىل بولۇشى ۋە بۇلاق سۈيە-نىڭ خىمىيىلىك تەركىۋى توغرىسىدا پەننىي ساۋات بولمىغانلىق-تىن كېلىپ چىققان.

مىنېراللىق بۇلاقلارنىڭ سۈيى نېمە ئۈچۈن بەزى كېسەل-لەرگە پايدا قىلىدۇ؟ گىدرو گېئولوگىيە ئالىملىرى ۋە مېدىتسىنا ئالىملىرى تۈرلۈك مىنېراللىق بۇلاقلار، ئارشاڭلارنىڭ سۈيى ئۈستىدە ئۇزۇن ئىلمىي باھالاش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى ھەمدە بۇنداق بۇلاقلارنىڭ سۈيىنىڭ ئادەم ئورگانىزمىدىكى كېسەللەرگە شىپالىق بېرىش ئۈنۈمى ئۈستىدە كۆپلەپ كىلىنىك-لىق تەجرىبە ئۆتكۈزدى، ئەمەلىيەت مىنېراللىق بۇلاقلارنىڭ سۈيىدە بىرمۇنچە خىمىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ ۋە مىكرو ئېلېمېنت-لارنىڭ بارلىقىنى، بۇ خىمىيىلىك تەركىپلەرنىڭ ئادەم ئورگانـ

زىمدا فارماكولوگىيىلىك ۋە بىئوخىمىيىلىك تەسىر كۆرسىتىدى-
غانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇنداق تەسىرنىڭ كۈچلۈك-ئاجىز
بولۇشى شۇ مىنېراللىق بۇلاق سۈيىدىكى خىمىيىلىك تەركىبنىڭ
قانچىلىك بولۇشىغا باغلىق بولىدۇ، كىشىلەر مىنېراللىق بۇلاقنىڭ
سۈيىدە يۇيۇنۇپ داۋالانغاندا، خىمىيىلىك تەركىبلەرنىڭ
بەزىلىرى تېرە ئارقىلىق بەدەنگە كىرىپ، داۋالاش رولىغا ئىگە
بولغان دورا ماللېكۇلىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ دورا ماللېكۇلىلىرى
ئادەم ئورگانىزمىدىكى نېرۋا ئۇچلىرى ئارقىلىق غىدىقلاش
رولىنى ئوينايدۇ، شۇنىڭ بىلەن كېسەلنى داۋالاش رولىنى
ئوينايدۇ. ئەگەر مىنېراللىق بۇلاقنىڭ سۈيى ئىستېمال قىلىنسا،
بۇنداق خىمىيىلىك تەركىبلەر ئاشقازان، ئۈچەي پەردىلىرى
ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىپ قانغا ئۆتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كېسەلنى
داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ.

تەركىۋىدە ھىدروگېن سۇلفىد ۋە رادىئاكتىپ ئېلېمېنت
بولغان بۇلاقلار ئومۇمىراق بولىدۇ، ئۇنىڭ سۈيى تېرە
كېسەللىكىگە، رېماتىزمغا شۇنىڭدەك نېرۋا سىستېمىسى
كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. بۇ خۇددى ھازىر تېرە كېسەللىكىنى
داۋالاشتا تېرىگە سۈركەپ قويۇلىدىغان دورىلار ئىچىدە ھىدرو-
گېن سۇلفىد مەلھىمى بارلىقىغا ئوخشاش بىر ئىش. دوختۇر-
خانىلارنىڭ رېماتىزىم خاراكتېرلىق بوغۇم ياللۇغىنى داۋالاشتا
ئادەتتە توك بىلەن داۋالاش ۋە رادىئاكتىپلىق داۋالاش ئۇسۇ-
لىنى قوللىنىشىمۇ شۇ قائىدە بويىچە بولىدۇ. دوختۇرخانا، سانا-

www.uyghurkitap.com

تۇرۇبىلەرنىڭ كلىنىكىلىق تەجرىبىلىرى ئىسپاتلىدىكى، رادىئاك-تىپ رادون ئورگانىزمغا ئىنتايىن روشەن تەسىر كۆرسىتىدۇ، سۇ تەركىۋىدىكى رادوننىڭ قويۇقلۇقى ھەر لىتىردا 10 ئېمان بولغاندا، نېرۋا سىستېمىسىغا دائىر بىر مۇنچە كېسەللەرنى داۋالى-غىلى بولىدۇ. بۇنداق سۇ نېرۋا خىزمىتىنى تەڭشەيدىغانلىقى ئۈچۈن، قان بېسىمىنى نورماللاشتۇرۇپ، يۈرەكنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ. مەسىلەن، جىلىن ئۆلكىسى فۇسۇڭ ئارشاڭ ساناتو-رىيىسىنىڭ مېنېراللىق بۇلىقىنى شۇ جايدىكى كىشىلەر "ئىلاھى بۇلاق" دەپ ئاتايدۇ، ئادەتتىكى كېسەللەر ئۇنىڭ سۈيىدە ئۇدا ئۈچ ئاي داۋالانسا ساقىيىپ كېتىدۇ. بەزى مېنېراللىق بۇلاقلار-نىڭ سۈيىدە كاربون كىسلاتاسى گازى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تېرە كېسەللىكىنى داۋالاشتا ئۈنۈم بېرىپلا قالماستىن، بەلكى دائىم ئىستېمال قىلىنسا، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىپ، ئاشقازان كېسەلىنى داۋالاشتىمۇ يۇقىرى ئۈنۈم بېرىدۇ.

مېنېراللىق بۇلاقنىڭ ئۆزى ئادەتتە ئارشاڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، فىزىكىلىق داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. ئارشاڭ سۈيىدە يۇيۇنغاندا، بەدەندىكى قاننىڭ ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، شۇ ئارقىلىق مېنېراللىق بۇلاق سۈيىنىڭ كېسەلنى داۋالاش ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## 3. ئارشاڭنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ

مەملىكىتىمىزدە ئارشاڭدىن پايدىلىنىش خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، مىلادىيدىن بۇرۇنلا ئارشاڭدىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالاش، يەر سۇغىرىش ۋە ئۇنىڭدىن تۇرلۇك يارامىلىق تۇز تەركىپلىرىنى چەككىلەپ ئېلىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغان. ئازاتلىقتىن ئىلگە-رى ئارشاڭدىن پايدىلىنىش ئىشى ئاساسىي جەھەتتىن تۇرغۇن ھالەتتە ئىدى، ئارشاڭ بار بولغان ئاز ساندىكى جايلاردىلا ساناتورىيە سېلىنغان ئىدى، ئۇنىڭدىن ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بەھرىمەن بولاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئەمگەكچى خەلقنىڭ 80دىن ئارتۇق ئورۇندا ئارشاڭ ساناتورى-يىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ بەردى ۋە يېڭىدىن قۇرۇپ بەردى، مەنزىرىسى گۈزەل خۇاڭشەن، لۇشەن، لىنتۇڭ، سۇڭخۇا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلاردىكى ئارشاڭلاردىلا ئۇسكۇنىسى مۇكەم-مەل بولغان ساناتورىيەلەر قۇرۇلۇپ قالماستىن، بەلكى مۇھىم شەھەرلەرنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىدا ۋە چەت رايون بولغان شىنجاڭنىڭ تيانشان تېغىدىمۇ، ئىچكى موڭغۇل ئارشان تېغىدىمۇ ھەر خىل تىپتىكى ئارشاڭ ساناتورىيىلىرى قۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دەم ئېلىشى ۋە داۋالىنىشى ئۈچۈن ئوبدان زېمىن ھازىرلاپ بېرىلدى.

سىچۈەن، خۇبېي ۋە باشقا ئۆلكىلەردە ئارشاڭنىڭ ئىسسىق

www.uyghurkitap.com

سۇيىدىن سانائەت خام ئەشياسى چەككىلەپ ئالىدىغان زاۋۇتلارمۇ قۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە، ئارشاڭ بار جايلاردا ئارشاڭنىڭ ئىسسىق سۇيىدىن پايدىلىنىلىپ مايسا يېتىشتۇرۇلىدىغان، پارنىك سېلىپ سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۇرۇلىدىغان، قىشلىق كۆكتات ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ھەمدە ئارشاڭ سۇيىدە بېلىق بېقىلىدىغان، توخۇ، ئۆدەك چۈجىلىرى چىقىرىلىدىغان بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يېزا ئىقتىسادىغا ناھايىتى ئوبدان پايدا يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغان بۇلاق سۇيىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىلىدىغان بولدى، ھازىرغىچە مەملىكەت بويىچە يەر ئاستى ئىسسىق سۇيىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىلىدىغان ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن 8 ى قۇرۇلۇپ، مەملىكىتىمىزدە يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىپ بېرىلدى.

## 4. ئىسسىق بۇلاقنىڭ سۇيىدىن ئىسسىق ھاراق ئىشلىنىدۇ

بۇلاق سۇيى بەك تاتلىق بولىدۇ، ئۇنى ئادەتتىكى قۇدۇق سۇيى، ئېرىق-ئۆستەڭ سۇيى ۋە تۇرۇبا سۇيىگە زادىلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇلاق سۇيى يەرگە سىڭىپ كەتكەن يامغۇر سۇيىدىن ھاسىل بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۆستىگە يەر ئاستىدا كۆپ قېتىم سۈزۈلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ تەركىبىدە ئارىلاشمىلار ئاز بولىدۇ،

مىنېراللىشىش دەرىجىسى كۆپىنچە 0.5 لىتىر/گىرامدىن تۆۋەن بولىدۇ. مەسىلەن، خۇپاۋ بۇلىغىنىڭ سۈيىنىڭ مىنېراللىق دەرىجىسى 0.02 لىتىر/گىرامدىن 0.15 لىتىر/گىرامغىچە، ۋۇشىدىكى خۇيشەن بۇلىغىنىڭ سۈيىنىڭ مىنېراللىق دەرىجىسى 0.03 لىتىر/گىرام كېلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن لۇ يۈ ۋە لىيۇ بوچۇئا ئوخشاش بىرمۇنچە قەدىمقى زامان چاي مۇتەخەسسىسلىرى ھەرقايسى بۇلاقلارنىڭ سۈيىنىڭ تەمىنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا قاراپ، جېنجياڭدىكى سوغاق سۇ بۇلىقىنى بىرىنچى بۇلاق، ۋۇشىدىكى خۇيشەن بۇلىقىنى ئىككىنچى بۇلاق، خاڭجۇدىكى خوپاۋ بۇلىقىنى ئۈچىنچى بۇلاق دەپ ئاتىغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر لۇ يۇ نەنجىڭدە يۇخۇاتەي بۇلىقىنىڭ سۈيىنى تېتىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى جياڭنەن رايونى بويىچە ئىككىنچى بۇلاق دەپ باھالىغان.

خەلقىمىز قەدىمدىن تارتىپلا بۇلاق سۈيىنىڭ سۈپىتىنى ئىنتايىن كۆپ تەتقىق قىلىپ كەلگەن، خۇسۇسەن ھاراق چىقىرىش تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئاتاقلىق بۇلاق سۈيىگە مۇراجەت قىلىپ كەلگەن. "نەدە مەشھۇر بۇلاق بولسا، شۇ يەردىن ئېسىل ھاراق چىقىدۇ" دېگەن ئەنە شۇ. جۇڭگو بويىچە ۋە چەتئەللەردىمۇ داڭقى چىققان ماۋتەي ھارىقى مانا مۇشۇنداق ئېسىل بۇلاق سۈيىدىن ئىشلىنىدۇ. بىرمۇنچە جايلار گۇيجۇڭنىڭكىگە تامامەن ئوخشاش بولغان خۇرۇچ ۋە ھۈنەر بىلەن "ماۋتەي ھارىقى" ئىشلەپ باققان بولسىمۇ،

www.uyghurkitap.com

لېكىن ئۇنىڭ تەمى گۇبجۇدا ئىشلەنگەن ماۋتەي ھارىقىنىڭكىگە زادىلا يېتەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نەدە؟ تەكشۈرۈپ كۆرۈلۈشىچە، ماۋتەي ھارىقىغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ، ئاساسەن چىشۈي دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قىزىل تۇپىلىق قاتلامدىن سىرغىپ چىقىدىغان سۈزۈك بۇلاق سۈيى ئىكەن، بۇ سۇ ئىنتايىن تەملىك ئىكەن، ئۇنى باشقا جايلارنىڭ سۈيىگە زادىلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، شاۋشىڭ ھارىقى، گۇجىڭ ھارىقى، فېنجيۇ ھارىقى، گۇڭجيۇ ھارىقى، شيەنجيۇ ھارىقى، خۇيچۇەن ھارىقى، جيەننەنچۇن ھارىقى، ۋۇلياگېيى ھارىقى قاتارلىق ئىسىل ھاراقلارمۇ بار، بۇ ھاراقلارنىڭ ئىسىل بولۇشىمۇ ئىسىل بۇلاقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ ئىچىدە ۋۇشىدىن چىقىدىغان خۇيچۇەن ھارىقى بەكمۇ داڭلىق ھاراق، ئۇ ساۋشۆچىنىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» دېگەن كىتاۋىدا كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ھاراق مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى بۇلاق دەپ نام ئالغان خۇيشەن بۇلىقىنىڭ سۈيىدىن ئىشلىنىدۇ. جيەننەنچۇن ھارىقى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ جىنجۇ دېگەن يېرىدىكى جۇگې بۇلىقىنىڭ سۈيىدىن ئىشلىنىدۇ، ۋۇلياگېيى ھارىقى جىنيۇ بۇلىقىنىڭ سۈيىدىن ئىشلىنىدۇ. ئاتاقلىق چىڭداۋ پىۋىسىمۇ لاۋشەن تېغىدىكى مىنېراللىق بۇلاق سۈيىدىن ئىشلىنىدۇ، ئىسىل بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئىسىل ھاراق ئىشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە شېئىرىي ئىسپات بار:

جيەنخۇ كۆلىنىڭ سۈيى ئېقىپ كېلەر يىراقتىن،
شاۋشىڭ كوناً ھارىغى مەشھۇر قەدىم-ئۇزاقتىن.
گۈجىڭ راۋاق بويىدا سۆز ئېچىلار پەرىدىن،
چېچەك پۇرار سەنشىدىن چىققان فېنجيۇ ھاراقتىن.
ئەنخۇي جيەنجيۇ ھارىغى قۇيۇلار داڭ مېھمانغا،
بۇلاق سۈيى ئىشلەتكەچ بەھرىمەن نام-ئاتاقتىن.
ئارشاڭ سۈيى بەك سۈزۈك بېتى ئەينەك مىسالى،
ئىسسىق چىڭداۋ پىۋىسى سۇ تاللىغاچ شۇ ياقتىن.
يەر-زېمىندە ئىشلىنەر ھاراق-شاراپ ئاز ئەمەس،
داڭلىقلىرى ئىشلەتكەچ سۈنى ئىسسىق بۇلاقتىن.

## 5. بۇلاق مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل

مەملىكىتىمىزدىكى بارلىق مەشھۇر مەنزىرىلىك جايلار ۋە ساياھەت رايونلىرىدا تاغ-بۇلاقلار بار، بولۇپمۇ مەنزىرىسى ياخشى ساياھەت رايونلىرىغا كۆپىنچە بۇلاقلار ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، باغلارنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈنمۇ بەزى سۈنئىي بۇلاقلار ياساپ قويۇلىدۇ.

خاڭجۇ دۇنيا بويىچە نامى چىققان مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى، ئۇنىڭ تاغلىرى ۋە سۈپ-سۈزۈك سۇلىرى ھەممىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ. شىخۇ كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى گاۋفېڭ چوققىسى

www.uyghurkitap.com

بلەن شفبك چوقفسىنىڭ ئارىلىغىدا 9 ئېقىن، 18 جىلغا بار، بۇ يەردە بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىپ تۇرىدىغان بىرمۇنچە بۇلاقلار بار. بۇ 9 ئېقىننىڭ ساياھەتچىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈشىدىكى ئاساسىي سەۋەپ شۇكى، ئۇ يەردە بۇلاق كۆپ، دەل-دەرەخ ۋە گۈل-گىيالار جىق، مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردىكى ئېرىقلار بۇلاق سۇيىنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان. بۇلاق سۇيىنىڭ تاغنى چۆرىدەپ ئېقىشى، ئۇنىڭ شىرىلداپ ئاققان تىۋىشلىرى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ، كۆڭلىنى ئاچىدۇ. خاڭجۇدا بۇنىڭدىن باشقا يەنە خۇپاۋ بۇلىغى، لۇڭجىڭ بۇلىغى، يۈچۈەن بۇلىغىغا ئوخشاش ئاتاقلىق بۇلاقلار بار. بۇ ئۈچ بۇلاق خاڭجۇدىكى ئۈچ چوڭ مەشھۇر بۇلاق بولۇپ، ھەممىسى خاڭجۇدىكى داڭلىق سەيلىگاھ.

گۇاڭشىدىكى گۈيلىن شەھىرى ئەزەلدىنلا "مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر" دېگەن چىرايلىق نامغا ئىگە، ئۇ مەملىكىتىمىز بويىچە داڭلىق سەيلىگاھ بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. لىجياڭ دەرياسىنىڭ ئىككى يېقىنىڭ مەنزىرىسى بەك چىرايلىق، بۇ يەردە دۇشيۇ چوققىسى، دىيەسەي چوققىسى، چىشىڭ تاغ جىنسى، لۇدى تاغ جىنسى، يۆيا تېغى، شۈييۈ ئۆڭكۈرى دېگەنگە ئوخشاش مەشھۇر جايلار بار. كۆرۈنۈشى قىسما-قىسما بولغان، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇنداق ئۆڭكۈرلەر، تىزما چوققىلار، يالغۇز چوققىلار، تاش تۈۋرۈكلەر، تاش پەردىلەر ھاكتاشلىق يەر تۈزۈلۈشىنىڭ يېتىلىشى، يەر ئاستى سۇيىنىڭ يالىشى ۋە

يەر پوستىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا ھاسىل بولغان. بۇ يەردە
چوققىلار ئاسمانغا قاراپ تۇرىدۇ، سۈپ-سۈزۈك سۇلار ئايلىنىپ
ئېقىپ تۇرىدۇ، ياپ-يېشىل تاغلار قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ،
بەكمۇ قاملىشىپ كەلگەن بۇ مەنزىرىلەر كۆركەم بىر كۆرۈنۈشنى
ھاسىل قىلىدۇ؛ بۇ يەردە چوڭ بۇلاقلار ۋە يەر ئاستى ئېقىنلىرى
كۆپ، چىشلىڭ تاش ئۆڭكۈرىگە ئوخشاش بىرمۇنچە يەر ئاستى
تاش ئۆڭكۈرلىرىدىمۇ بۇلاقلار كۆپ، سۇنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىۋات-
قان تىۋىشلىرىنى ھەرقاچان ئاڭلىغىلى بولىدۇ، تاشلارنىڭ
ئارىسىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيىنى ھەممىلا يەردە
كۆرگىلى بولىدۇ، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سەيلىگاھ مەنزىرى-
سىگە ھەر جەھەتتىن قىزىقارلىق تۈس قوشىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي رايونلىرى بويىچە مەشھۇر بولغان
"بۇلاق شەھىرى" — جىنەننىڭ ئىچىدىمۇ، سىرتىدىمۇ سۈپ-
سۈزۈك بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ بۇلاقلارنىڭ سۈيى
قىسما-قىسما ھالەتتە كۆرۈنىدۇ: ئاپپاق بۇژغۇنلاپ، كۈمۈشتەك
يالتىرايدۇ؛ كەلكۈندەك ئېتىلىپ چۈشۈپ، شىر-يولۋاستەك
ھۆكۈرەيدۇ؛ يامغۇر ياققاندەك تاراسلايدۇ، مۇز سۈيىدەك چىپىل-
دايدۇ. جىنەن ئادەمنى ئۆزىگە تارتىدىغان سېھرىي كۈچى
بىلەن، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە جۇڭگولۇق ۋە چەتئەللىك
ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. جىنەندىكى
مەشھۇر بۇلاقلار شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىلا تەزكىرىلەرگە
يېزىلغان. تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن كېيىن، مىڭ،

چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ نام چىقارغان. جىنەندىكى 72 بۇلاق قەدىمقى كىتابلاردا يېزىلغان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، جىنەننىڭ شەھەر رايونىدا ئەمەلىيەتتە 108 بۇلاق بارلىقى، بۇ بۇلاقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆرلىمە بۇلاق ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ بۇلاقلارنىڭ سۈيى خېلى كۆپ بولۇپ، پۈتۈنلەي ھاكتاش ئۆڭكۈرلىرىدىن ۋە يېرىقلاردىن ئېقىپ چىقىدۇ. جىنەندىكى دامىڭخۇ كۆلى 3 چوڭ مەشھۇر جاينىڭ بىرى. بۇ يەردە كۆللەر بىلەن ئۆيلەر ياندىشقان، بۇك-باراقسان دەل-دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، قەدىمي يادىكارلىقلار كۆپ، ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق مەنزىرىلىك رايون. دامىڭ كۆلىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 1 مېتىرچە كېلىدۇ، مەيدانى تەخمىنەن 700 مو كېلىدۇ، يەنى جىنەننىڭ ئەسلىدىكى كونا شەھەر ئورنىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگەللەيدۇ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر ليۇ فېڭخاۋ بۇ كۆلنى تەسۋىرلەپ: "تاققا ياندىش شەھەرنىڭ تەك يېرىمى كۆل ئىكەن، نىلوپەر بىلەن تولغان ئىچى، چۆرىسى تاللىق ئىكەن" دېگەن. دامىڭ كۆلى ئاساسەن بۇلاق سۈيىنىڭ بىر يەرگە يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان.

سەنشىدىكى جىنسى ئىبادەتخانىسىمۇ بىرمۇنچە بۇلاقلارنىڭ بولۇشى بىلەن نام چىقارغان مەنزىرىلىك رايون. بۇ يەر قەدىمدىن تارتىپلا مەنزىرىسى چىرايلىق ياخشى ماكان بولۇپ كەلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر لى بەي مۇشۇ يەردە بىر مەزگىل ئولتۇرغان، ئۇنىڭ جىنسى



بۇلىغىنى تەرىپلىگەن
بىرمۇنچە گۈزەل تەسۋىر-
لىرى بار. ھازىر بۇ يەر
جىنسى باغچىسى دەپ
ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە جۇ سۇ-
لالىسى دەۋرىدىن قېپقالغان
ئارچا دەرەخلىرى ۋە سۇي
سۇلالىسى دەۋرىدىن قېپقال-
غان تۇخۇمەك دەرەخلىرى
بار، بۇ دەرەخلەر بۈك-
باراقسان بولۇپ كەتكەن.
بۇ يەردە نەنلاۋ بۇلىغىنىڭ سۈيى توختىماستىن
شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇلاردىن باشقا، شەھەر-
لەرنىڭ بۇلاق نامى بىلەن ئاتىلىدىغان مەنزىرىلىك
جايلىرى ۋە مەشھۇر جايلىرى تېخىمۇ كۆپ. مەسىلەن، گەنسۇ-
دىكى جيۇچۇەن شەھىرى جيۇچۇەن بۇلىغى دىگەن نام بىلەن
ئاتىلىدۇ، خاڭجۇدىكى يۇچۇەن ئىبادەتخانىسى، فۇجۇدىكى
يۇڭچۇن ئىبادەتخانىسى، لياۋنىڭنىڭ چيەنشەن دىگەن يېرىدىكى
لۇڭچۇەن ئىبادەتخانىسى، گەنسۇنىڭ لەنجۇ شەھىرىدىكى
ۋۇچۇەن تېغى قاتارلىق جايلارمۇ بۇلاق نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.
مەملىكىتىمىزدىكى بەزى جايلارنىڭ نامىمۇ شۇ جايدىكى
**ئارشاڭلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ، مەسىلەن، ئارشاڭ، ئىسسىق-**

كۆل، ئىسسىقسۇ، تاڭشەن، شياۋتاڭشەن، تاڭكىلىڭ، قايناقكۆل دىگەنگە ئوخشاش. دىمەك، بۇلاق شەھەر مۇھىتىنى گۈزەللەش-تۈرۈش، مۇھىتى تىنچ بولغان ساناتورىيە رايونى ۋە ساياھەت رايونى قۇرۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

www.uyghurkitap.com

## 6. بۇلاقتىن پايدىلىنىپ يەر ئاستى سۈيىنى تاپقىلى بولىدۇ

بىرەر رايوندا بۇلاق سۈيىنىڭ قانچىلىك بولۇشى شۇ رايون-دىكى سۇلۇق قاتلامنىڭ خاراكتىرىنى ۋە يەر ئاستى سۈيىنىڭ قانچىلىكلىكىنى كۆرسىتىپ بىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر رايوندىكى بۇلاق سۈيىنى تەپسىلى تەكشۈرۈپ چىقىش شۇ رايوندىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ مەنبەسىنى يەنمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىپىپ چىقىشقا يىپ ئۇچى يەتكۈزۈپ بىرىدۇ. قان-




15-رەسىم تاغ ئېتىكىدىكى بۇلاق




16-رەسىم جىلغىدىكى بۇلاق

داق جايـلاردا بۇلاق بولـدۇ؟
تاغلىرى ئىگىز ـ پەس بولغان، ئوت ـ چۆپ ياخشى ئۆسىدىغان جايلاردا بۇلاق بولىدۇ؛
دائىم سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان چوڭ تاغ جىلغىلىرىنىڭ ئەتراپىدا ۋە تاغ ئېتەكلىرىدە بۇلاق بولىدۇ (15 ـ رەسىم)؛
تاغ ئېتىكى بىلەن ئىدىرلىقلار، ئىدىرلىقلار بىلەن تۈزلەڭلىكتىكى ئويمان جايلار تۇتاشقان يەرلەردە بۇلاق بولىدۇ (16 ـ رەسىم)؛
ئەتىگەنلىكى ۋە ئاخشىمى تۇمانلىق بولىدىغان جايلاردىمۇ بۇلاق بولىدۇ؛
قار ياققاندىن كېيىن يىغىلىپ قالمايدىغان ياكى تېز ئېرىپ كېتىدىغان، توڭلىمايدىغان جايلاردا بۇلاق بولىدۇ.
يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بۇلاق تېپىش ئۇسۇللىرى دالىلاردا يەر ئاستى سۇيىنى بىۋاستە تېپىش ئۇسۇلىدۇر. يەر ئاستى سۇيىنى تېپىشتا باشقا جەھەتلەردىكى ئامىللار ۋە شارائىتلارغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك.



بۇلاق سۇيىنى كۆزىتىشتە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆرلىمە بۇلاق ياكى چۆكمە بۇلاق ئىكەنلىكى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

ئۆرلىمە بۇلاق بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ تېگىدىن كۆپىنچە كۆپۈك ئۆرلەپ تۇرىدۇ، بەزىلىرىدىن قۇم لۆمۈلدەپ چىقىۋاتقانلىقىنى ياكى سۇنىڭ مەۋج ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇلاق سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرا ۋە مىقدار جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىنىمۇ تەكشۈرۈش كېرەك، ئادەتتە ئۆرلىمە بۇلاق سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە مىقدارى تۆت پەسىل ئىچىدە ئانچە كۆپ ئۆزگەرمەيدۇ، بۇ ھال بۇنداق بۇلاق سۈيىنىڭ تولۇقلىنىپ تۇرۇش شارائىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ھەم مۇقىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇلاق سۈيىنىڭ يەر ئۈستىگە چىقىپ قېلىش شارائىتىدىن پايدىلىنىپ يەر ئاستى سۈيىنى تېپىپ قۇدۇق قازغانلىق توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ مىساللار بار. خېبېي ئۆلكىسى موشۈي ناھىيىسى شۈيدۇڭ كەنتىنىڭ ئەزالىرى بۇلاق سۈيىنىڭ يەر ئۈستىگە چىقىش ھادىسىسىگە قاراپ، ناھايىتى كۆپ سۇ چىقىدىغان يەنى كۈنىگە 2000 كۇپ مېتىردىن ئارتۇق سۇ چىقىدىغان بىر قۇدۇق قازغان. شەندۇڭ ئۆلكىسى چىيەنخۇ تېغىنىڭ شىمالىي يوتىسىدىكى دۇڭمېن دىگەن جايدا سۈيى ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ چىقىدىغان بىر قۇدۇق بار، بۇ قۇدۇق دەل خېيخۇ بۇلىغى سۈيىنىڭ يەر ئۈستىگە چىقىش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ئىزلەپ تېپىلغان.

## 7. بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش

ھازىر يېزىلارنىڭ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي

ۋەزىيىتى بارغانسېرى ياخشىلانماقتا، يېزا سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتىرىش مەقسىدىدە، يېزىلاردا كىچىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى ھە دەپ قۇرۇلماقتا. بولۇپمۇ كەڭ تاغلىق رايونلار بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش شارائىتىغا ئىگە. بۇنداق كىچىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى قۇرغاندا، بۇلاق سۈيىدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش، يەنى ھەم توك چىقىرىش، ھەم سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش، شۇنداقلا ئاممىنىڭ ئېلېكتىر چىرىغىدىن بەھرىمەن بولۇش، رادىيو ئاڭلاش ۋە تېلېۋىزور كۆرۈش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مۇمكىن.

بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش قائىدىسى بىلەن چوڭ دەريا ۋە ئۆستەڭلەردە ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش قائىدىسى ئوپمۇ-ئوخشاش: بىرىنچىدىن، يېتەرلىك ھەم مۇقىم سۇ مەنبەسى بولۇشى، ئىككىنچىدىن، سۇ ئورنى ئېگىزلىگى مەلۇم دەرىجىگە يەتكەن بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەر تۈزۈلۈشى شارائىتى بىرقەدەر كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى كېرەك.



17 ـ رەسىم بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش قۇرۇلۇشى

ئادەتتىكى كىچىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى توسما، چۈشۈرگە، سۇ تۇربىنىسى، ئاياق

ئېرىق قاتارلىق قۇرۇلمىلاردىن قۇرۇلغان بولىدۇ (17 ـ رەسىم). بۇلاق سۈيى توسمىغا سولىۋېلىنىپ، سۇ ئورنى تۆۋەنكى ئېقىمدىن ئېگىزلىتىلىدۇ، سۇ ئورنى قانچە ئېگىز بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ، ئاندىن كېيىن توسما ئىچىدىكى سۇ چۆشۈرگە ئارقىلىق قويۇۋېتىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئۇ سۇ تۇربىنىسىغا خېلى كۈچلۈك ئېنېرگىيە يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن سۇ تۇربىنىسى مىنۇتىغا نەچچە يۈز قېتىم ئايلىنىش سۈرئىتى بىلەن دىنامىنى ھەركەتلەندۈرىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن توك چىقىدۇ.

بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش شارائىتى ئەۋزەل بولىدۇ، چۈنكى بۇلاق سۈيى تولاراق جىلغىلاردىن يول ئالغان بولىدۇ، جىلغىدا يانتۇلۇقلار بولىدۇ، بۇ ھال سۇ ئورنى ئېگىزلىكىنى ھاسىل قىلىشقا پايدىلىق. جىلغا تار، توپا قاتلىمى نېپىز بولسا، توسما ياساپ سۇ يىغىشقا ئاسان بولىدۇ. مەسىلەن، لياۋنىڭ ئۆلكىسى جيەنچاڭ ناھىيىسىدىكى داتۇن گۇڭشېسىنىڭ يۈنشەندۇڭ دادۈيى بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. بۇ دۈيدە بىر لاۋا بۇلىقى بار ئىكەن، بۇ بۇلاقتىن سېكۇنتىغا 0.1 ـــ 0.15 كۇب مېتىر سۇ چىقىپ تۇرىدىكەن. يەر تۈزۈلۈشى تىكرەك بولغانلىقى، ئېرىقنىڭ يانتۇلۇقى تەخمىنەن 1/50 گرادۇس بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلاق سۈيى ناھايىتى تېز ئېقىپ چىقىدىكەن. ئۇلار بۇلاقنىڭ بېشىغا توسما ياساپ، بۇلاق ئەتراپىنى قورشاپ، بىر كۆل چېپىپ،

سۇ ئورنىنى 3 مېتىر كۆتەرگەن، سىغىمچانلىغى 3 كىلوۋاتلىق دىنام ئورناتقان. نەتىجىدە 300 ئائىلە ئېلېكتىر چىرىغى ئورنىتىپلا قالماستىن، بەلكى توك كۈچىدىن پايدىلىنىپ چىگىت ئايرىش، گۈرۈچ ئاقلاش ئىشى ھەل بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇلار قويۇپ بېرىلگەن سۇ بىلەن مىڭ مودىن ئارتۇق يەرنى سۇغىرىدىغان بولغان.

## 8. بۇلاق سۇيىدىكى غەيرى ھادىسىلەرگە ئاساسەن يەر تەۋرەشتىن ئالدىن خەۋەر بېرىش

بۇلاق سۇيى بەك ئەتىۋار،
بىشارىتى ئالدىن بۇلار.
يامغۇر ياغمىسا دۇغلىشار،
قۇرغاقچىلىقتا ئۇلغىيار.
گاھ ئازىيىپ، گاھ ئاۋۇپ،
كۆپۈكلەر ھەم بۇژغۇنلار.
رەڭگى ئۆزگەرسە گايىدا،
تەمىمۇ ھەم ئۆزگىرەر.

بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ يەر تەۋرەيدىغان رايونلىرىدىكى كەڭ ئامما يەكۈنلەپ چىققان، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسلىنىپ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن خەۋەر بېرىشكە دائىر قىممەتلىك تەجرىبە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

يەر ئاستى سۈيى يەر پوستىنىڭ ئۈستىكى تۇپا قاتلىمىغا ۋە تاغ جىنسلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان سۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق سۇنىڭ يەر ئاستىدا ئۈستكى يۈزى بولىدۇ، ئادەتتە ئېيتىلىدىغان يەر ئاستى سۇ ئورنى دىگەن ئەنە شۇ. قاتتىق يەر تەۋرەشتىن ئىلگىرى، يەر ئاستى سۇ ئورنىدا بەزى غەيرى ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ، بۇلاق سۈيى بىلەن قۇدۇق سۈيى بۇنداق ئۆزگىرىشنى ئەڭ تېز ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلاق سۈيىنى كۆزىتىش ئارقىلىق يەر تەۋرەشتىن ئالدىن خەۋەر بېرىش ئۈنۈملۈكرەك بولىدۇ. نورمال ئەھۋال ئاستىدا، بۇلاق سۈيىنىڭ ئورنى، چىقىش مىقدارى، تېمپېراتۇرىسى، سۈپىتى جۈملىدىن فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدەك ھەركەت ھالىتى مەلۇم ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. يەر تەۋرەشتىن ئىلگىرى، يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى بېسىمنىڭ كۈچىيىشى بىلەن، يەر پوستىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەكشۈكلۈق بۇزۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، يەر قاتلىمىنىڭ ئىچىدىكى بەزى بوشلۇقلار كېڭىيىپ كېتىدۇ، بەزى بوشلۇقلار تارىيىپ قالىدۇ، نەتىجىدە يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى ئۆرلەپ كېتىدۇ ياكى پەسلەپ كېتىدۇ، مىقدارى ئېشىپ كېتىدۇ ياكى ئازىيىپ كېتىدۇ، باشقا ئالامەتلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

ئەگەر تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ ھال يەر تەۋرەش ئېھتىمالى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ

بېرىدۇ.

يامغۇر ياغماي قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولغاندا بۇلاقنىڭ سۈيى تۇساتتىن كۆپىيىپ كەتسە؛ يامغۇرلۇق پەسىلدە بۇلاقنىڭ سۈيى ئازىيىپ كەتسە ياكى قۇرۇپ كەتسە، بۇلاقنىڭ كۆزى ئۇشتۇمتۇت كۆپىيىپ قالسا؛ بۇلاقنىڭ سۈيى ئۇشتۇمتۇتلا دۇغلىشىپ، قىرتاقلىشىپ قالسا، ئاچچىق، سېسىق... بولۇپ قالسا؛ بۇلاق سۈيىنىڭ تەركىۋىدىكى رادون كۆپىيىپ كەتسە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ هال يەر تەۋرەش ئېھتىمالى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمقى دەۋرىدىلا بۇلاق سۈيى هالىتىنىڭ يەر تەۋرەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. مەسىلەن، «يېڭى تاڭ سۇلالىسى تارىخى» دا: "سەنشىنىڭ جىنجياڭ دىگەن يېرىدە يەر تەۋرىگەندە بۇلاق سۈيى ئۆرلەپ قالغان" دىيىلگەن؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا يېزىلغان چىشيەن ناهىيىسىنىڭ تەزكىرىسىدە: "سەنشىنىڭ تەييۈەن، پىڭياۋ، جيېشيۇ قاتارلىق ناهىيىلىرىدە يەر تەۋرىگەندە بۇلاقتىن قارا قۇملار ئېقىپ چىقتى" دىيىلگەن؛ چيەنلۇڭ يىللىرىدا يېزىلغان شيەنياڭ ناهىيىسىنىڭ تەزكىرىسىدە: "تۈن يېرىمىدا يەرنىڭ قاتتىق تەۋرىشى بىلەن، گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازلار چىقتى، يەر يېرىلىپ، بۇلاقلار پەيدا بولدى" دىيىلگەن. مانا بۇلارنىڭ هەممىسى يەر تەۋرەش بىلەن بۇلاق سۈيى هالىتىنىڭ ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئازاتلىقتىن كېيىن، 1975 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ خەيچېڭ دىگەن يېرىدە 7.3 بال قاتتىق يەر تەۋرىدى. دەندۇڭ رايونىدا يەر تەۋرەشتىن 50 نەچچە كۈن ئىلگىرىلا يەر ئاستى سۈيى، هايۋاناتلارنىڭ قىلىقلىرى، پۇراق، يەر نۇرى، هاۋا رايى قاتارلىقلاردا غەيرى هادىسىلەر كۆرۈلدى. شۇ چاغدا يەر ئاستى سۈيىدە غەيرى ئالامەتلەر هەممىدىن ئىلگىرى كۆرۈلدى، ئارشاڭ سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسىدا روشەن ئۆزگىرىش بولدى، توساتتىنلا بىرقانچە جايدا يېڭى بۇلاق پەيدا بولۇپ قالدى، بۇلاق سۈيى تۇيۇقسىز قۇرۇپ كېتىش، تۇيۇقسىز ئېتىلىپ چىقىش، بەزى بۇلاقلارنىڭ سۈيى دۇغلىشىپ قېلىش، سۇنىڭ رەڭگى، تەمى ئۆزگىرىپ قېلىش، سۇ ماغزاپلىشىپ قېلىش ئەهۋاللىرى كۆرۈلدى. يۇيەن ناهىيىسىنىڭ قىزىل بايراق گۇڭشېسىدا، نورمال ئەهۋالدا بۇلاق سۈيى كۆپ بولمايدىكەن، تۆت پەسىلدىكى ئۆزگىرىشىمۇ ئاز بولىدىكەن. 1975 ـ يىل 1 ـ ئايدا بۇلاق سۈيى بىردىنلا نەچچە هەسسە كۆپىيىپ كەتكەن. 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋە 24 ـ كۈنى ئىككى كۈن ئىچىدىلا شۇ بۇلاقنىڭ يېنىدا يېڭى ئىككى بۇلاق پەيدا بولغان، بۇ يېڭى بۇلاقلاردىنمۇ سۇ كۆپ چىققان. 3 بۇلاقنىڭ سۈيى يىغىلىپ ئېقىن هاسىل قىلغان، 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بۇ ئىككى يېڭى بۇلاق يەنە ئۇشتۇمتۇتلا قۇرۇپ كەتكەن، كونا بۇلاقتىنلا سۇ چىقىپ تۇرغان هەمدە ئۇنىڭ سۈيىنىڭ مىقدارى نورمال بولۇشقا باشلىغان، ئارىدىن 4 كۈن



www.uyghurkitap.com

ئۆتكەندىن كېيىنلا قاتتىق يەر تەۋرىگەن. دېمەك، بۇ ھال بۇلاق سۈيىدە بولىدىغان غەيرى ھادىسىلەرگە ئاساسلىنىپ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن خەۋەر بېرىشنىڭ بىرقەدەر ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# 4. تارىختىن بۇيان تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان مەشھۇر بۇلاقلار

بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ۋە شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە، تاغ-دەريالىرى كۆپ، مەنزىرىسى چىرايلىق بىر مەملىكەت. دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز بولغان جومولاڭما چوققىسى، مەشھۇر چوڭ-چوڭ تاغلار، چاڭجياڭ دەرياسى، خۇاڭخې دەرياسى قاتارلىق ئۇزۇن دەريالار شۇنىڭدەك سۈيى شەرۋەتتەك تاتلىق مەشھۇر بۇلاقلار خۇددى ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىغا قوندۇرۇلغان مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرىدۇ، گۈزەل زېمىنىمىزغا ھۆسن قوشىدۇ، سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ بېزەيدۇ. بۇ يەردە قىسمەن مەشھۇر بۇلاقلارنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## 1. مەشھۇر بۇلاقلار

(1) باۋتۇ بۇلغى

بۇنىڭ بىر ئىسمى شاقىراتما بۇلاق، يەنە بىر ئىسمى تۇسما بۇلاق، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ باۋتۇ بۇلغى دەپ

ئاتالغان. ئۇ جىنەنىسىڭ كونا شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بۇرجىكىگە جايلاشقان. ئۇ ھازىر باۋنۇ بۇلىغى باغچىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

باۋتۇ بۇلىغى شىمالىي رايونلار بويىچە ئەڭ داڭلىق چوڭ بۇلاق، ئۇ جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ جېنجياڭ دىگەن يېرىدىكى جۇڭلېڭ بۇلىغى، ۋۇشىدىكى خۇيشەن بۇلىغى، سۇجۇدىكى گۇەنيىن بۇلىغى ۋە خاڭجۇدىكى خۇپاۋ بۇلىغى بىلەن بىر قاتاردا مەملىكىتىمىزدىكى 5 چوڭ داڭلىق بۇلاقنىڭ بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

باۋتۇ بۇلىغىنىڭ سۇيى جىنەندىكى بۇلاقلارنىڭ ھەرقانداقىنىڭكىدىن كۆپ، بۇنىڭدىن كۇنىگە 70 مىڭ كۇپ مېتىر سۇ چىقىدۇ، ئۇنىڭ سۇيى بىلەن نەچچە يۈز مىڭ كىشىنىڭ تۇرمۇشى قامدىلىدۇ. لى داۋيۇەننىڭ «سۇ تەزكىرىسىگە ئىزاھ» دىگەن ئەسىرىدە: "سۇ لىچېڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى بۇلاقتىن چاقىپىلەكتەك ئۇرغۇپ چىقىدۇ..." دەپ يېزىلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ليۇئې دىگەن كىشىنىڭ «قېرىپ ئاجىزلاشقان ۋاقتىمدىكى ھاياھىتىمدىن خاتىرىلەر» دىگەن كىتاۋىدا مۇنداق دىيىلگەن: "ئۇچ چوڭ بۇلاقتىن سۇ بۇلۇقلاپ چىقىدۇ، بىر مېتىرچە ئۆرلەيدۇ. بەزىلەر: ئەينى يىللاردا بۇ سۇ 2 مېتىرچە ئۆرلەيتتى، دىيىشىدۇ." دىمەك، ئەينى يىللاردا بۇ بۇلاقنىڭ سۇيى كۆپ ئىكەن. ھازىر جىنەن شەھىرىنىڭ سانائەت ۋە يېرا ئىسگىلىگى نىز

تەرەققى قىلىپ، سۇ تولىمۇ كۆپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، يەر ئاستى سۇ ئورنى يىلدىن-يىلغا تۆۋەنلەپ كېتىۋاتماقتا، شۇڭا بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ئېگىز ئۆرلىمەيدىغان بولۇپ قالدى ۋە ئازىيىپ كەتتى.

باۋتۇ بۇلىقىنىڭ غەرب تەرىپىدە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغان بىر شىپاڭ بار، ئۇنىڭ ئارقىسىدا "يونتان كۆرمەك" دېگەن خەت ئويۇلغان بىر تاش پۈتۈك بار. شىپاڭنىڭ شىمال تەرىپىدە "بىرىنچى بۇلاق" دېگەن خەت ئويۇلغان بىر تاش پۈتۈك بار. شىپاڭدا تۇرۇپ قارىسىڭىز، كۆلچەكتىكى ئۈچ بۇلاق كۆزىدىن سۇنىڭ مارجان چېچىلغاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. گۈلدۈرماما ئاۋازىدەك قاتتىق ئاۋاز چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايسىز، كۆز ئالدىڭىزدا كۆركەم مەنزىرە نامايەن بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى چيەنلۇڭ ئاتايىتەن جىنەنگە كېلىپ، ئاشۇ شىپاڭغا چىقىپ ئۆز قەلىمى بىلەن "قاينام" دېگەن خەتنى يازغان ھەمدە باۋتۇ بۇلىقىنى تىلسىمات دەپ تەرىپلىگەن.

باۋتۇ بۇلىقى قانداق ھاسىل بولغان؟ جىنەن رايونىدىكى ھاكتاشلىق يەر قاتلىمى تەخمىنەن 1 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىگە تارقالغان، ئۇ يەر ئاستىغا سىڭىپ كىرگەن كۆپلىگەن يامغۇر سۈيىنى يەر ئاستى سۈيىگە ئايلاندۇرۇپ، بۇلاق سۈيىنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ. باۋتۇ بۇلىقىنىڭ ھاسىل

بولۇشىدىكى سەۋەپ ئەنە شۇ. يەرنى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، جىنەندە يەر يۈزىدىن بىر مېتىر تۆۋەن بولغان جايلارنىڭ ھاكتاشلىق قاتلام ئىكەنلىكى، بۇ قاتلامدا يېرىقلار ۋە ئۆڭكۈرلەر تولىمۇ كۆپ ئىكەنلىكى، بۇ يېرىقلار ۋە ئۆڭكۈرلەر يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئوبدان يولى ئىكەنلىكى (18 - رەسىم)، يەر ئۈستىدىكى سۇ يەر ئاستىغا ناھايىتى تېز سىڭىپ كېتەلەيدىغانلىقى، يەنە كېلىپ جىنەننىڭ جايلىشىش ئورنى تۆۋەنرەك بولغانلىقتىن، سۇ ئىگىز جايلاردىن ھاكتاشلىق قاتلامدىكى يېرىقلار ۋە ئۆڭكۈرلەرگە ئۆتۈپ، بۇلاق كۆزلىرى ئارقىلىق يەر يۈزىگە چىقىپ، مۇشۇ چوڭ بۇلاقلار ھاسىل بولغانلىقى مەلۇم بولدى. جىنەندە يۈزدىن ئارتۇق بۇلاق بار، بۇ بۇلاقلار ئارقىلىق يەر ئاستىدىن كۈنىگە 250 مىڭ كۇپ مېتىر سۇ چىقىپ تۇرىدۇ، بۇ سۇنىڭ تەركىۋى ساپ، تەمى تاتلىق.




18 - رەسىم باۋتۇ بۇلىقىنىڭ گېئولوگىيىلىك كەسمە يۈزى

(2) مارجان بۇلاق

مارجان بۇلاق جىنەندىكى ئۈچىنچى مەشھۇر چوڭ بۇلاق بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. جىنەنگە كەلگەنلىكى

كىشىلەر باۋتۇ بۇلىغىنى كۆرگەندىن تاشقىرى، مارجان بۇلاقنى كۆرمەي كەتمەيدۇ.

مارجان بۇلاق باۋتۇ بۇلىغىغا ۋە خېيخۇ بۇلىغىغا ئوخشاش ئۇنداق ھەيۋەتلىك ئەمەس، ئۇ بىر نازىنىن قىزغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ سۈيى كىرىستالدەك سۈزۈك بولغاچقا تېگى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ سۈيى تۆۋەندىن يۇقۇرىغا مارجانلاردەك ئېتىلىپ چىقىدۇ، بۇلاق گويا مارجانلار بىلەن تولغاندەكلا كۆرۈنىدۇ، بۇ ھال كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى پادىشاسى چيەنلۇڭ بۇ بۇلاقنى مارجان بۇلاق دەپ مەدھىيىلىگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا "مارجان بۇلاق" دېگەن خەت ئويۇلغان بىر تاش پۈتۈك ئورنىتىلغان.

بىزگە مەلۇمكى، بۇلاقنىڭ تېگىدىن ئۆرلەپ چىققان سۇ تەركىبىدە كۆپۈكلەر بولىدۇ، بۇ ئادەتتىكى ئۆرلىمە بۇلاقتا بولىدىغان ئومۇمىي تەبىئىي ھادىسە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. يەر ئاستى سۈيى ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتىدۇ، خېلى مۇرەككەپ تاش-توپا قاتلاملىرىدىن ئۆتىدۇ، شۇڭا ئۇ بەزى گازلارنى ئېلىپ چىقىدۇ. مارجان بۇلاق ئاساسەن جىنەننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلاردا ياغىدىغان يامغۇر سۈيىنىڭ يىغىلىپ يەر ئاستىغا سىڭىپ، تاغ جىنسلىرى قاتلىمىدىكى يوچۇقلاردىن ئۆرلەپ چىقىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان. گىدرو گېئولوگىيىلىك بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى، مۇشۇ

جاينىڭ ئۈستكى توپا قاتلىمىدا قۇرام تاشلار بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئاستىدا بىر قەۋەت لاۋا جىنسلار بار ئىكەن، ئەڭ ئاستىدا سۇ مىقدارى ھەممىدىن كۆپ بولغان ھاكتاش جىنسلىرى بار ئىكەن (19 ـ رەسىم).

مارجان بۇلاقىنىڭ مەنزىرىسى چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى كاڭشى يىلىنىڭ 5 ـ يىلى (مىلادى 1666 ـ يىلى) ھەربى ـ مەمۇرى مەھكىمىلەر، ياموۇللار مۇشۇ يەرگە سېلىنغان. مىنگو ۋاقتىدا بۇ يەر تۇتۇق مەھكىمىسى ئىكەن، كېيىن ئۇ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئازاتلىقتىن كېيىن باشقىدىن رېمونت قىلىنىپ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھالىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى بۇ يەرگە ھەيۋەتلىك مارجان بۇلاق زالى سېلىندى. بۇ يەرنىڭ ئەتراپىدا يەنە ۋاڭفۇ، شىتىڭ دىگەنگە ئوخشاش مەشھۇر بۇلاقلار بار، بۇ بۇلاقلار مارجان بۇلاق توپىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ”ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا بۇلاق، بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا تال ـ تېرەك“ بولغان مەنزىرىلىك جاي.

(3) بېيجىڭدىكى يۈچۈەن تېغى

يۈچۈەن تېغى يۈچۈەن بۇلىغى بىلەن داڭدار. بېيجىڭدىكى يىخېيۈەن باغچىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە 5 چاقىرىم ماڭسىڭىز، تاغلىرى ياپ ـ يېشىل، سۈيى سۈپ ـ سۈزۈك، مەنزىرىسى ئاجايىپ چىرايلىق بىر جاينى كۆرىسىز، ئۇ سالقىنداشقا ۋە سەيلە قىلىشقا تازا يارايدىغان ئوبدان بىر جاي. بۇ يەردىكى بۇلاق سۈيى تاتلىق، سۈزۈك ھەم مۇزدەك، سۈزۈكلۈكىدىن گويا




19 - رەسىم مارجان بۇلاقنىڭ گېئولوگىيىلىك كەسمە يۈزى

مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ، ئۆتمۈشتە بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ خان ئوردىسىدىكىلەرلا ئىچەتتى. يار ئۈستىدە بىر چوڭ بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭغا خەنبەييۇ ئاق قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن ئەجدىھا باشلىق جۈمەك ئورنىتىلغان. سۇ ئاشۇ جۈمەكتىن قار ئۇچقۇنلىرىدەك پۇركۈپ چىقىدۇ، شۇڭا ئۇ "قار پۇركۈيدىغان بۇلاق" دەپ نام ئالغان، ئۇ "ھەسەن-ھۈسەن بولىغى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ "بېيجىڭدىكى 8 چوڭ مەنزىرىلىك جاي"دىن بىرى. يار ئۈستىدە "جاھاندا بىرىنچى بۇلاق"دېگەن خەت ئويۇلغان بىر تاش پۈتۈك بار. تاش پۈتۈكنىڭ ئارقىسىغا چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى چيەنلۇڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان "يۈچۈەن تېغىدىكى باۋتۇ بۇلىقى" دېگەن خەتلەر ئويۇلغان.

يۈچۈەن تېغىدا بىرمۇنچە باغۇ-بوستانلىق ئىمارەتلەر، مەسىلەن، "كورەن غوجا"، "نىلوپەر گۈلىستانى"، "سۇ مۇئەككىلى بۇتخانىسى" دېگەنگە ئوخشاش بۇتخانىلار بار. 8 دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بۇ ئىمارەتلەرنىڭ تولىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ خارابىلىرىمۇ ئاساسەن قالمىغان ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كۆپ

قېتىم ئىنچىكە رېمونت قىلدۇرۇشى ئارقىلىق، بۇ يەر ھازىر ئاناقلىق ساناتورىيە بولۇپ قالدى.

يۇچۇەن بۇلىغىنىڭ سۇيى تاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ھاكتاشنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ (20 ـ رەسىم). بۇ يەردە چوڭ ـ كىچىك بولۇپ 14 بولاق بار. جاھاندا بىرىنچى بۇلاق، مارجان بۇلاق، تاش سىيا بۇلاق، سىرغىما بۇلاق، يېرىلما بۇلاق، باۋتۇ بۇلىغى، تىزما مارجان بۇلاق دېگەنگە ئوخشاش بۇلاقلار ئاساسلىق بۇلاقلار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇرۇن بۇ بۇلاقلارنىڭ سۇيى يىغىلىپ بىر كۆلنى ھاسىل قىلاتتى. كۆلنىڭ مەيدانى تەخمىنەن 80 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى، بۇ كۆلگە كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 130 مىڭ كوپ مېتىر سۇ كىرەتتى. ھازىر بېيجىڭ شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ مىقدارى تولىمۇ كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، بۇلاقنىڭ سۇيى يىلدىن ـ يىلغا ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئۈزۈلۈپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ بۇلاقلارنىڭ بەزىلىرى لاۋا بۇلىغى، بەزىلىرى ئۈزۈلمە بۇلىغى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، بۇ يەردە تاغ جىنىسلىرى ئاسانلا يالىنىپ يېرىلىپ قالىدۇ ياكى ئۆڭكۈرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا بېيجىڭدا يامغۇر كۆپ ياققانلىقتىن، بولاق سۇيى يەنە ئۈلغىيىپ قالدى. خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تېزلىكتە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىشى بىلەن، ئۇزاق تارىخقا ئىگە بۇ مەشھۇر بۇلاقنىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەل قىياپىتىنى ئەسلىگە كەل-

تۇرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

(4) خۇاچىڭ كۆلچىكى




20 ـ رەسىم بېيجىڭدىكى يۈچۈەن تېغى-نىڭ گېئولوگىيىلىك كەسمە يۈزى

خۇاچىڭ كۆلچىكى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ شەرقىگە يەنى شەھەرگە 50 چاقىرىم كېلە-دىغان لىنتۇڭ ناھىيىسىدىكى لىشەن تېغى ئېتىكىگە جايلاشقان. "لىشەن كەچكى شەپىقى" گۇەنجۇڭدىكى ئاتاقلىق 8 مەنزىرىنىڭ بىرى. بۇ تاغدا ئورمانلار ياپ-يېشىل تۇرىدۇ، گۈل-گىياھلار پۈرەكلەپ ئېچىلىپ تۇرىدۇ. بۇ تاغدا ئوردا پوسونىدا سېلىنغان ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەر بار، مەملىكىتىمىز بويىچە داڭ چىقارغان خۇاچىڭ كۆلچىكى مانا شۇ، ئۇ 3 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى يۇ ۋاڭ، چىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى چىن شىخۇاڭ، تاڭ سۇلا-لىسىنىڭ پادىشاسى شۈەنزۇڭ زامانلىرىدىمۇ بۇ يەرگە ئويۇن-تاماشا سارايلىرى سېلىنغان. بۇ يەردىكى جيۇلوڭ كۆلچىكى، لىيەنخۇا كۆلچىكى، خەيتاڭ كۆلچىكى دىگەن ئۈچ بۇلاق ھەم-مىدىن مەشھۇر. "تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر بەي جۈيىنىڭ: "قەد كۆتىرىپ تۇرار لىگوڭ ئوردىسى، ھەر ياققا ياڭرار پەرىشتە نەغمىسى" دىگەن شېئىرىدە لىگوڭ ئوردىسىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى ۋە فېئودال پادىشالارنىڭ چىرىك تۇرمۇشى ئەينەن تەسۋىرلەنگەن. بۇ يەردە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى

ياكفېي كۆلچىگىنىڭ كونا ئورنى ھازىرغىچە ساقلاپ قېلىنغان.

خۇاچىڭ بۇلىغى ئۆزۈلمە بۇلىغى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ (21 ـ رەسىم)، لىشەن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە شەرقتىن غەرپكە سوزۇلغان چوڭراق بىر ئۆزۈلمە بىلەن جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان بەزى ئۆزۈلمىلەر كېسىشىدىغان بىر جاي بار، ئۇ تاغ جىنىسلىرىنىڭ قىسىلىپ پارچىلىنىشى بىلەن سۇ ئايلىنىپ ئاقىدىغان يول بولۇپ قالغان. نەتىجىدە يەر يۈزىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا سىڭىپ كىرگەن يەر ئاستى سۈيى ئىسسىغاندىن كېيىن يەنە يۇقۇرىغا قاراپ ھەرىكەتلىنىپ ۋە يەر يۈزىگە چىقىپ ئارشاڭ ھاسىل قىلغان. خۇاچىڭ كۆلچىگىنىڭ سۈيى 43°C چىقىدۇ، سۈنىڭ تەركىۋىدە خىلمۇ ـ خىل خىمىيىلىك ئېلېمېنتلار بار، بۇ ھال يۇيۇنۇپ داۋالىنىشقا ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان جاھانغا مەشھۇر بولۇپ كەلمەكتە. ھازىر بۇ يەردە ئەمگەكچى خەلق داۋالىنىدىغان ساناتورىيە قۇرۇلدى.




21 ـ رەسىم خۇاچىڭ كۆلچىگى ئارشىڭنىڭ شەكىللىنىشىنى كۆرسىتىدىغان سىزما

(5) جىنسى بۇلىغى

جىنسى ئىبادەتخانىسى سەنشىدىكى ئاتاقلىق ئاسارە ـ ئەتىقە ۋە مەنزىرىلىك جاي، ئۇ تەيىۋەن شەھرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان، شەھەرگە 50

www.uyghurkitap.com

چاقىرىم كېلىدىغان شۇەنۋېڭ تېغىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان، بۇ يەردە بۇتخانىلار كۆپ، ئىگىز ـ ئىگىز قەدىمى دەل ـ دەرەخلەر بار، سۈپ ـ سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ، بۇ جاينىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن چىرايلىق.

جىنسى ئىبادەتخانىسى بۇنىڭدىن 2 مىڭ يىل ئىلگىرىكى غەربىي جۇ سۇلالىسى زامانىدا سېلىنغان. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىغا تېخىمۇ ئۇزاق زامان بولدى، «تاغۇ ـ دەريالار تەزكىرىسى»دە ”جىنسى بۇلىغىنىڭ سۈيى شۇەنۋېڭ تېغىدىن كېلىۋر“ دەپ يېزىلغان. جىنسى بۇلىغى نەنلاۋ بۇلىغى، يۇجاۋ بۇلىغى ۋە شەنلى بۇلىغى دېگەن 3 بۇلاقتىن تەركىب تاپىدۇ. ھاۋانىڭ قۇرغاق بولۇشى، سۇنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىشى تۈپەيلىدىن، يۇجاۋ بۇلىغى بىلەن شەنلى بۇلىغىنىڭ سۈيى بەزى چاغلاردا قۇرۇپ كېتىدۇ. لېكىن نەنلاۋ بۇلىغىنىڭ سۈيى ئەزەلدىن قۇرۇپ باقىقان ئەمەس، نەنلاۋ بۇلىغى جىنسى بۇلىغى سۈيىنىڭ ئاساسى مەنبەسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، بۇ جايدىكى پۇقرالار ئۇنى جەنۇبىي دېڭىز كۆزى دەپ ئاتايدۇ. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن سىما گۇاڭ جىنسى بۇلىغىنىڭ سۈب ـ سۈزۈك سۈيىنى ”قىش كەتمەس بەيخاك تېغىدىن بىل بوبى، ئافىدۇ زۇمرەت كەبى جىنسى بۇلىغى سۈيى“ دېگەن مىسرالار بىلەن تەسۋىرلەپ، جىنسى بۇلىغىنىڭ گۈزەللىكىنى مەدھىيىلىگەن ئىدى.

جىنسى بۇلىغىمۇ شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنەن شەھىرىدىكى

باۋتۇ بۇلىغىغا ئوخشاش، ھاكتاشلىق لاۋا سۇلىرى ۋە يەر ئاستى سۇلىرى بىرقەدەر يىراق جايدىكى تاش يوچۇقلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان ئۈزۈلمە بۇلىغى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ (22_رەسم). نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، جىنسى بۇلىغى ئەتراپىدىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلق جىنسى بۇلىغىنىڭ سۈيى بىلەن نەچچە ئون مىڭ مو شالىلىقنى سۇغىرىپ كەلدى. بۇ يەر پۈتۈن مەملىكەتتىكە داڭقى كەتكەن جىنسى شالىلىق رايونىدۇر.




22_رەسم جىنسى بۇلىغىنىڭ شەكىللىنىشىنى كۆرسىتىدىغان سىزما

(6) خۇپاۋ بۇلىغى

خاڭجۇدىكى شىخۇ كۆلى ئەتراپىدىكى تاغلارنىڭ ئارىسىدا سۈيى سۈپ_سۈزۈك بىرمۇنچە بۇلاقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە خۇپاۋ بۇلىغىنىڭ سۈيى پاكىز ۋە تاتلىق، ئۇ خاڭجۇدىكى ئاتاقلىق بۇلاقلارنىڭ باش ۋەكىلى، ئۇنىڭ "جاھاندا مەشھۇر 3_بۇلاق" دىگەن نامى بار. خاڭجۇغا كەلگەنلىكى كىشلەر خۇپاۋ باغچىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭ سۈيىنى ۋە لۇڭجىڭ چېيىنى ئىچىپ باقىدۇ، بۇ چاي ئادەمگە ھوزۇر بېرىدىغان مېزىلىك چاي بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. لۇڭجىڭ چېيى بىلەن خۇپاۋ بۇلىغىنىڭ سۈيى شىخۇنىڭ "ئاتاقلىق ئىچىملىكى" دەپ تەرىپلىنىدۇ.

خۇپاۋ باغچىسى ئاشۇ بۇلاقنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ، ئۇ شىخۇ كۆلى بىلەن چيەنتاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئارىلىغىدىكى خاڭفۇ تاش_

يولىنىڭ غەربى يېنىغا جايلاشقان، باغنىڭ ئىشىگىدىن كىرىپ ناش تاختىلىق تار يول بىلەن دوگىگە چىقىسىز، ياپ-يېشىل تاغلار، سۈپ-سۈزۈك سۇلار ۋە بۈك-باراقسان دەل-دەرەخلەر كۆرۈنىدۇ، ھەممىلا يەردىن بۇلاق سۈيىنىڭ شىقراپ ئېقىۋاتقان تىۋىشى ئاڭلىنىدۇ، دەل-دەرەخلەر ئارىسىدىن "خۇپاۋ بۇلىغى" دىگەن خەت يېزىلغان تام كۆرۈنىدۇ. 1 مىڭ بىر يۈز يىلدىن ئار-تۇق تارىخقا ئىگە خۇپاۋ ئىبادەتخانىسى مانا شۇ يەردە. رىۋا-يەتلەردە ئېيتىلىشىچە، تاڭ سۇلالىسى يۈەنخې يىلىنىڭ 14-يىلى (مىلادى 819-يىلى) شىڭكۇڭ ئىسىملىك بىر مۇناخ مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ئىكەن، بۇ يەردە سۇ بولمىغانلىقتىن، ئۇ كۆچۈپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، "ئىككى يولۋاس كېلىپ ئۇۋا ياساش ئۈچۈن يەرنى تاتىلىغان"دە، بىردىنلا بۇلاق سۈيى ئېتىلىپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە خۇپاۋ بۇلىغى (يول-ۋاس كولىغان بۇلاق) دىگەن نام سىڭىپ قالغان. بۇ غەلىتە ئەپسانە، ئەلۋەتتە.

خۇپاۋ بۇلىغىنىڭ شىمال، غەرب ۋە غەربىي جەنۇپ تەرەپلىرى ئېگىز-ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان، ئۇنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر ئويمانلىق بار، خۇپاۋ بۇلىغى مانا مۇشۇ ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى تاغلار كۋارتس-قۇمتاش جىنسلىرىدىن ئىبارەت، ئۇ يېرىلىپ ۋە ئۈزۈلۈپ تۇرىدۇ، بۇ يەردە ھۆل-يېغىن كۆپ بولىدۇ، بۇ يامغۇر سۈيى مۇشۇ يېرىقلار ئارقىلىق يەر ئاستىغا سىڭىپ يىغىلىدۇ ۋە يەر ئاستىدىكى

ئۈزۈك قاتلامغا يېتىپ كەلگەندە توسۇلۇپ قالىدۇ-دە، يەر ئاستى سۈيى يەر ئۈستىگە ئېقىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇلاق ھاسىل بولىدۇ (23-رەسىم). بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى يىل بويى ئۆكسۈمەيدۇ، ئاۋۇپمۇ قالمايدۇ. سېكۇنتىغا ئىككى لىتىرلا سۇ چىقىپ تۇرىدۇ. خىمىيۋى ئۇسۇل بىلەن تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، ھەر لىتىر سۇدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.02 — 0.15 گىرام مىنېرال ماددا بارلىقى، سۇنىڭ سۈپىتىنىڭ خاڭجۇدىكى باشقا بۇلاقلارنىڭكىدىن ياخشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.



23-رەسىم خۇپاۋ بۇلىقىنىڭ گېئولوگىيىلىك كەسمە يۈزى

(7) لۇڭجىڭ بۇلىقى

لۇڭجىڭ بۇلىقى شىخۇ كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، جەنۇبىي چوققا بىلەن دۇلدۇل تېغى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، بۇ يەردە تاغلار ياپ-يېشىل تۇرىدۇ، بۇلاق سۈيى شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدۇ، ئورمانلار بوك-باراقسان تۇرىدۇ، مۇھىت بەك تېپ-تىنچ.

بۇنىڭدىن 1700 نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئۈچ پادىشالىق دەۋرىدە لۇڭجىڭ بۇلىقىنىڭ داڭقى ھەممىلا يەرگە پۇر كەتكەن.

بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى قاتتىق قۇرغاقچىلىق ۋاقتىدىمۇ قۇرۇپ كەتـ-
مەيدىغانلىقى ئۈچۈن، قەدىمقىلار ئۇنى دېڭىز بىلەن تۇتاش
بۇلاق، ئۇنىڭ ئىچىدە جەزمەن ئەجدىھا بار دەپ قارىغان.
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا لۇڭجىڭ (ئەجدىھا بۇلىقى) دەپ نام
قويغان. بۇلاقنىڭ يېنىدىكى لۇڭجىڭ ئىبادەتخانىسى كېيىنكى
خەن سۇلالىسىنىڭ چيەنيۇ يىلىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادى 949 ـ يىلى)
سېلىنغان، ئۇنىڭغا ھازىر مىڭ نەچچە يۈز يىل بولدى. ئەينى
ۋاقىتتا ئۇ باۋگو مەدرىسى دەپ ئاتىلاتتى، كېيىنكى سۇلالىلەر
زامانىدا ئۇنىڭ ئىسمى بىرقانچە قېتىم ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ،
لېكىن خەلق ئىچىدە ئۇ لۇڭجىڭ ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتىلىپ
كېلىۋەردى.

لۇڭجىڭ بۇلىقىدا مۇنداق بىر قىزىق ھادىسە كۆرۈلىدۇ:
ئەگەر بامبۇك تاياقچىسى بىلەن سۇنى ئاستا قوچۇپ قويسىڭىز،
سۇنىڭ مەيىن دولقۇنى توختىغاندىن كېيىن، سۇنىڭ يۈزىدە
بىر تال چاچقا ئوخشاش نەرسە كۆرۈنىدۇ، ئۇ گويا لۆمۈلدەپ
تۇرغان سۇ بۆلگۈچ سىزىققا ئوخشايدۇ، بۇنىسى سىزگە قىزىق
تۇيۇلىدۇ. بۇ ھادىسە يامغۇر ياققاندىن كېيىن بەكمۇ روشەن
كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئادەتتە نۇر مۇۋاپىق تەرەپكە چۈشكەن ئەھۋال-
دىلا ئاندىن كۆرۈنىدۇ.

بۇنداق "سۇ بۆلگۈچ سىزىق" قانداق ھاسىل بولىدۇ؟ بەزد-
لەر: بۇلاق ئىككى تەرەپتىن كەلگەن سۇنىڭ قوشۇلىدىغان
يېرىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق "سۇ بۆلگۈچ سىزىق"

كۆرۈندۇ، لېكىن سۇنىڭ ئېقىشى ئاستا بولغانلىقى ئۈچۈن ئاسانلىقچە ئېنىق كۆرۈنمەيدۇ، پەقەت مەلۇم نۇر ۋە بۇلۇڭ گىرادۇسى بولغاندىلا ئاندىن كۆرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر: بۇ بىر خىل سۇ ئېنېرگىيىسى ھادىسىسى، ئۇ سۇ يۈزىنىڭ كېرىلىش كۈچىدىن ھاسىل بولىدۇ، شۇڭا مەلۇم شارائىت ئاستىدىلا ئەكس ئېتىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

لۇڭجىڭ بۇلىقىنىڭ سۈيى ھاكتاش قاتلىمىنى بويلاپ ھاسىل بولغان يېمىرىلمە يېرىقلاردىن ئېقىپ چىقىدۇ، بۇ جايدىكى ھاكتاش قاتلاملىرى بىرقەدەر تەكشى ۋە لۇڭجىڭ بۇلىقىغا سەل قىيسايغان (24-رەسىم)، يەر ئۈستى سۈيى يەر ئاستىغا سىڭىپ كىرىپ، تاش قاتلىمىنىڭ يۈزىنى شۇنىڭدەك پاراللېل قاتلامنىڭ يۈزىدىكى يوچۇقلارنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ھالدا لۇڭجىڭ بۇلىقى تەرەپكە قاراپ ئاقىدۇ، لۇڭجىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئەتراپىدا بىر ئۈزۈلمە بار، ئۇمۇ يەر ئاستى سۈيى لۇڭجىڭ بۇلىقىغا قاراپ ئاقىدىغان ناھايىتى ئەپلىك يول بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ يەردە ھۆل-يېغىن كۆپ، تاغ ئورمىنى قېلىن، سۇ يىغىلىش شارائىتى ئوبدان، شۇنىڭ ئۈچۈن لۇڭجىڭ بۇلـ




24-رەسىم لۇڭجىڭ بۇلىقىنىڭ شەكىللىنىشىنى كۆرسىتىدىغان سىزما

غىنىڭ سۈيى بىل يۇيى ئۆكسۈمەيدۇ.

(8) جىۇچۈەن بۇلىغى

جىۇچۈەن بۇلىغىنىڭ قەدىمقى نامى ئالتۇن بۇلاق بولۇپ، ئۇ گەنسۇ ئۆلكىسى خېشى كارىدورىنىڭ غەربىدىكى قەدىمقى جىۇجۈەن شەھىرىنىڭ شەرقىي قوۋۇقىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان. جىۇجۈەن شەھىرىنىڭ نامى شۇ يەردىكى جىۇجۈەن بۇلىغىنىڭ نامىغا قويۇلغان. ھازىرقى جىۇجۈەن باغچىسى 2 مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمقى ئورمانلىق باغچا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ياپ-يېشىل قارىغاي ۋە ئارچىلار بار، مەنزىرىسىمۇ قەدىمىي تۈس ئالغان. بۇلاق تام بىلەن يۇمىلاق دائىرىلەپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى تاش پۈتۈككە "غەربىي خەن سۇلالىسى ئاسارە-ئەتىقىسى" دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى تېگى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان دەرىجىدە سۈزۈك، ھاراقتەك تىنىق. ئۇ ئۆرلىمە بۇلاق بولغانلىقى ئۈچۈن، چىقىۋاتقان سۇنىڭ مەيىن دولقۇنىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ نېمە ئۈچۈن جىۇجۈەن (ھاراق بۇلىغى) دېيىلىدۇ؟ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتلىق ئەسكەرلەر لەشكەر بېشى خوجۇبىڭ ياۋغا قارشى لەشكەر تارتىپ بېرىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى خانى ئۇنىڭغا بىر كۈپ ھاراق تەقدىم قىلغان، لېكىن ئەسكەر كۆپ، ھاراق ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھاراقنى ئالتۇن بۇلاققا تۆكۈپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئىچكەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن،

ئالىۋن بۇلاقىنىڭ نامى جىۇچىۇەنگە ئۆزگەرگەن. قەدىمقى زاماندا جىۇچۇەن بۇلىقىنىڭ ئۈچ كۆزى بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى 20 چاقىرىم يىراقلىقىغا ئېقىپ بارىدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن 1 مىڭ 500 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدىكەن. ھازىر ئۇنىڭ ئىككىسى قۇرۇپ كېتىپ، بىرىدىنلا سۇ چىقىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن چوڭ شائىر لى بەي: "ئاسمان ياقتۇرمىسا ھاراق، بولماس كۆكتە ھاراق يۇلتۇزى؛ زېمىن ئىچمىسە ھاراق، بولماس ئىدى جىۇچۇەن بۇلىغى" دېگەن مىسرالارنى يازغان، بۇنىڭدىن جىۇچۇەن بۇلىقىنىڭ ئەزەلدىن ناھايىتى داڭلىق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

جىۇچۇەن بۇلىغى چىلىيەنشەن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى جەزىرىنىڭ ئالدى قىرغىقىدىكى يەر ئاستى سۈيى سىرغىپ چىقىدىغان جايغا جايلاشقان، چىلىيەنشەن تېغىدىكى قارلار ئېرىگەندىن كېيىن يەر ئاستىغا سىڭگەن سۇ ئۇنىڭ مەنبەسىدۇر. دېمەك، بۇ بۇلاق تاغ جىنسلىرى يوچۇقلىرىدىكى سۇنىڭ يۇقۇرىغا ئۆرلىشىدىن ھاسىل بولغان (25 ـ رەسىم). جىۇچۇەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى شىنچېڭ گوڭشېسىنىڭ بېجوگۇ دېگەن يېرىدە مۇشۇنداق تاشما بۇلاقلاردىن بىرمۇنچىسى بار، بۇ بۇلاقلارنىڭ سۈيى يەر ئاستىدىكى تۆشۈكچىلەردىن بۇلدۇقلاپ چىقىدۇ ۋە لاي ـ قۇملارنى ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئىنتايىن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

(9) يۆيا بۇلىغى




25 ـ رەسىم گەنسۇدىكى جيۇچۇەن بۇلىقىنىڭ شەكىللىنىشىنى كۆرسىتىدىغان سىزما

يۈيا بۇلىقى گەنسۇ ئۆلكىسى دۇنخۇاڭ ناھىيە-سىنىڭ جەنۇبىدىكى مىڭشا تېغىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى تاغلار ئېگىزلىكى 100 مېتىر كېلىدىغان ھىلال ئاي شەكلىدىكى بارخانلاردىن تەركىب تاپقان، بۇلاق ئىككى قۇمتاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى يېرىم ئايغا ئوخشايدۇ، سۈيى ئىلاندەك تولغىنىپ ئاقىدۇ، سۈزۈكلىكىدىن تېگى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، سۇ ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يەردىكى بۇلاقنىڭ سۈيى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، تەمى بەك تاتلىق ئىكەن، قۇملار ئۇچۇپ تۇرىدىغان كەڭ غەربىي شىمال قۇرغاق زېمىندا بۇنداق ياخشى بۇلاقنىڭ بولۇشى ھەقىقەتەن قالتىس بىر ئامەت.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ بۇلاقتا ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدىغان بىر خىل تۆمۈر بەللىك بېلىق ۋە دومىنو ئوتى بار ئىمىش. «خەن سۇلالىسى تارىخى»دا: خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى خانى مۇشۇ ئورمانلىقتىن بىر دۇلدۇل تېپىۋالغان، دەپ يېزىلغان. قەدىمقى دەۋردە يۈيا بۇلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆپە-لىكتە بىر بۇتخانا بار ئىكەندۇق، بۇتخانىدا ئىسرىقچىلار كۆپ،

دەل ـ دەرەخلەرمۇ جىق ئىكەندۇق، ھازىر ئۇلارنىڭ بەزى ئىزلىرىنىلا كۆرگىلى بولىدۇ. ساياھەتچىلەر دۇنخۇاڭدىكى مىڭ ئۆيىنى ساياھەت قىلغىلى بارغاندا يۆيا بۇلغىنىڭ ئاجايىپ مەنـ زىرىسىنىمۇ كۆرۈپ قايتىدۇ.

يۆيا بۇلغىنىڭ تۆت ئەتراپىدا بارخانلار بار، ئۇ يەردە غەربىي شىمال شامىلى يىل بويى چىقىپ تۇرىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق نىمە ئۈچۈن مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى بۇلاق سۈيى يەنىلا قۇرۇپ كەتمەي تۇرىۋېرىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن بۇلاق قۇمغا كۆمۈلۈپ قالمايدۇ؟ بۇ ئىنتايىن قىزىقارلىق بىر مەسىلە بولغانلىقتىن، قەلەم ئىگىلىرى بۇ يەرنى ئەمىلىي كۆزەتكەن. قەلەم ئىگىلىرى: بۇ بۇلاق داڭخې دەرياسىنىڭ قەدىمقى ئېقىنى، ھازىر بۇ دەريا يەر ئاستى ئارقىلىق يۆيا بۇلغىنى ئۈزـ لۈكسىز تولۇقلاپ تۇرماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سۈيى يىل بويى قۇرۇمايدۇ؛ بۇلاق ئارىلىغى ناھايىتى يېقىن بولغان يېرىم ئايسىمان ئىككى بارخانىنىڭ ئوتتۇردـ سىغا جايلاشقان، ئۇ يەردە شامال كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، قۇمـ لارنى غەربىي شىمالدىن بىۋاستە ھالدا شەرقىي جەنۇپ تەرەپـ تىكى بارخانلارغا ئۇچۇرتۇپ كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇلاق



26 ـ رەسىم يۆيا بۇلغىنىڭ شەكىلـ نىشىنى كۆرسىتىدىغان سىزما

سۇنىڭ ئىچىلىپ قالغان جايلىرى تەبىئىي ھالدا "دالدا"غا ئايلىنىپ قالىدۇ، شۇڭا بۇلاق سۈيى ساقلىنىپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ (26-رەسىم).

(10) جۇڭلىڭ بۇلىقى

جۇڭلىڭ بۇلىقى چياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ جېنجياڭ دېگەن يېرىدىكى جىنشەن تېغىنىڭ غەربىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىغا بىر كۆلچەك ياسالغان، كۆلچەكنىڭ بېشىدىكى تامغا "جاھاندا بىرىنچى بۇلاق" دېگەن خەتلەر يېزىلغان، بۇلاقنىڭ يېنىغا چاي ئىچىدىغان بىر "شىپاڭ" ياسالغان. تاڭ دەۋرىدىلا بۇ بۇلاقنىڭ داڭقى چىققان، چاي باھالىغۇچى مۇتەخەسسىسلەر شۇ چاغدا جۇڭلىڭ چېيىنى بىرىنچى دەپ باھالىغان. قەدىمقى دەۋردە، يامغۇر ياغسىلا، جۇڭلىڭ بۇلىقىنى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۈيى بېسىپ كېتەتتىكەندۇق. نەتىجىدە بۇلاق سۈيى ئاسانلىقچە يەر يۈزىگە چىقالمايتتىكەندۇق، قۇرغاق-چىلىق يىللىرىدا دەريانىڭ سۈيى تارتىلغاندىن كېيىن ئاندىن يەر يۈزىگە چىقالايتتىكەندۇق. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى يىللىرىدا، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ غول ئېقىمى شىمال تەرەپكە يۆتكەلگەن، جىنشەن تېغى پەيدىن-پەي دەريانىڭ جەنۇبىي قاسنىقى بىلەن تۇتاشقان، ئاخىردا بۇلاق پۈتۈنلەي قۇرۇقلۇققا چىقىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جېنجياڭ رايونىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشقان.

جۇڭلىڭ بۇلىقى دەريا ساھىلىدا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ

سۇيى ھاكتاش قاتلىمىنىڭ بىرىلىشىدىن ھاسىل بولغان بىرىقلار-
دىن ئۆرلەپ چىقىدۇ. ئۇ ئۆرلىمە بۇلاق بولۇپ ھېساپلىنىدۇ
(27-رەسىم)، ئۇنىڭ سۇيىنىڭ بەكمۇ تاتلىق. بۇ بۇلاقنىڭ
سۇيى ئۆرلەپ چىققاندا كۆپۈكچىلەر ئۈزلۈكسىز ھالدا چۆگە-
لەپ تۇرىدۇ، ئۇ خۇددى ئۆركەشلەۋاتقاندەك ئىنتايىن چىراي-
لىق كۆرۈنىدۇ.




27-رەسىم: جۇگلېڭ بۇلىقىنىڭ شەكىللىنىشىنى كۆرسە-
تىدىغان سىزما

(11) بەيچۈەن بۇلىقى

بەيچۈەن بۇلىقى جىنەن ئۆلكىسىدىكى خۇبشىيەن ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 5 يول كېلىدۇ، ئۇنىڭ كۆزى كۆپ بولغانلىقتىن "بەيچۈەن" (كۆپ ئېغىزلىق بۇلاق) دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە ھەر تەرەپكە سوزۇلغان ئېرىق-ئۆستەڭلەر بار، سۇلار بولدۇقلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ، بۇك-باراقسان ئورمانلار بار، سان-ساناقسىز بۇلاقلاردىن مەرۋايىتتەك سۈپ-سۈزۈك سۇ بۇلۇقلاپ چىقىپ تۇرىدۇ، ھەر تەرەپكە يېيىلغان سۇلار تۇتىشىپ بەيچۈەن كۆلىنى ھاسىل




28-رەسىم بەيچۈەن بۇلىقىنىڭ
شەكىللىنىشىنى كۆرسىتىدىغان سىزما

قىلىدۇ، ئۇ خىنەندىكى مەشھۇر مەنزىرىلىك رايون ھىساپلىنىدۇ.

بەيچۈەن بۇلىغى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، تارىخىي يازمىلارغا قارىغاندا، بەيچۈەن بۇلىغى دىگەن نام شاڭ، جۇ سۇلالىرى دەۋرىدىمۇ بار ئىكەن. رىۋايەتلەردە، بۇنىڭدىن 3 مىڭ يىل ئىلگىرى جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى ۋۇۋاڭ جۇ بەگلىكىگە جازا يۈرۈشى قىلغاندا، بەيچۈەن بۇلىغى ئەتراپىدا ئەسكەر تۇرغۇز- غان، دىيىلىدۇ. كېيىنكى سۇلالىلەر دەۋرىدە بۇ جاي داۋاملىق تۈردە ئىچىلغان، سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەرگە ۋىيىۈەن بۇتخانىسى سېلىنغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لىگيۈەن شىپاخى سېلىنغان، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يۈگجىن شىپاخى سېلىنغان، ئالتۇن خانلىق دەۋرىدە پىنيۇ شىپاخى سېلىن- غان...، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر تاغ ۋە كۆللىرى كۆركەم بولغان ئاسارە-ئەتىقە رايونى بولۇپ قالغان.

بەيچۈەن بۇلىغى تەيخاڭشەن تىغىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، كەڭ ھاكىناش قاتلىمىدىكى مول يەر ئاستى سۈيى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۇزۇلمە ۋە غارلار ئارقىلىق يىراقتىن ئېقىپ كېلىپ تاغ ئېتىكىگە كەلگەندە يەر يۈزىگە چىقىپ، سۈيى سۈپ-سۈزۈك بۇلاقلارنى ھاسىل قىلىدۇ (28-رەسىم). ئەپسۇسكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھاۋا قۇرغاق، ھول- يېغىن ئاز بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سانائەت ۋە يېزا ئىگىلى- گى ساھەسىدە سۇ تولىمۇ كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بەيچۈەن بۇلىغى بەزىدە قۇرۇپ قېلىۋاتىدۇ.

(12) خۇاگشەن ئارشىڭى

بۇ ئارشاڭ مەنزىرىسى گۈزەل بولغان خۇاگشەن تېغىنىڭ زىيۇن چوققىسى ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، "تاڭچۇەن بۇلىغى"، "تاڭچى كۆلچىكى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ، قەدىمقى دەۋردە "جۇشا بۇلىغى" دەپ ئاتىلاتتى.




29 ـ رەسىم خۇاگشەن ئارشىڭىنىڭ شەكىللىنىشىنى كۆرسىتىدىغان سىزما

بۇ ئارشاڭنىڭ تېمپېراتۇرىسى قىشتىمۇ، يازدىمۇ بىر خىل بولۇپ، سۈيى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئىسسىق تۇرىدۇ. بۇ ئارشاڭدىن پايدىلىنىش تاڭ دەۋرىدىن باشلانغان، بىرمۇنچە مەشھۇر زاتلار يۇيۇنۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەندە، ئارشاڭنى مەدھىيىلەيدىغان بىرمۇنچە شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان. ئارشاڭنىڭ سۈيى مەلۇم داۋالاش قىممىتىگە ئىگە، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۈەنيۈەن خۇاگدى مۇشۇ ئارشاڭدا يۇيۇنغاندىن كېيىن، ئاپپاق چاچلىرى قارىيىپ قالغان، ياشىرىپ قالغان ئىمىش، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئارشاڭنى "لىڭچۈەن" (خاسىيەتلىك ئارشاڭ) دەپ ئاتىغانىمىش. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن بۇ ئارشاڭنىڭ نامى ھەممە يەرگە پۇر كېتىپ، تېخىمۇ سىرلىق بولۇپ كەتكەن.

ئازاتلىقتىن كېيىن، بۇ يەرگە زامانىۋى مونچا ۋە سۇ

ئۆزۈش كۆلچىگى سىلىندى، يەنە ئىككى ئارشاڭ ساناتورىيىسى سېلىندى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر سۇ ئۈزىدىغان ۋە داۋالىنىدىغان مەشھۇر جاي بولۇپ قالدى.

بۇ ئارشاڭنىڭ سۈيى خۇاكشەن تېغىدىكى گىرانىت تاش بىلەن قۇمتاش ئۆلىشىدىغان يەردىكى ئۈزۈك بەلباغنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ چىقىدۇ، ئۇ ئۈزۈلمە ئۆرلىمە بۇلىغى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ (29 ـ رەسىم). ئۇنىڭ سۈيىنىڭ تەركىۋىدە ھىدرو كاربونات ھەممىدىن كۆپ، تېمپېراتۇرىسى يىل بويى 42°C بولىدۇ، سۇ مىقدارى خېلى تۇراقلىق، كۈنىگە 200 كۇب مېتىر سۇ چىقىدۇ، ئۈزۈن مۇددەت قۇرغاقچىلىق بولسىمۇ قۇرۇپ كەتمەيدۇ.




30 ـ رەسىم نەنجىگدىكى جياگەنەن ئىككىنچى بۇلىقىنىڭ شەكىللىنىشىنى كۆرسىتىدىغان سىزما

(13) جياگەنەندىكى ئىككىنچى بۇلاق

جياگسۇ ئۆلكىسىدىكى نەنجىڭ شەھىرىنىڭ جۇڭخۇا قوۋۇقىنىڭ جەنۇبىدا يۇك ـ باراقسان ئارچا ـ قارىغايلار بىلەن پۈركەنگەن بىر كىچىك تۆپىلىك بار، ئۇ جۇڭگوغىمۇ، چەتئەللەرگىمۇ داڭقى چىققان يۇخۇاتەي ئىنقىلاۋىي قۇربانلار زاراتكارلىغى. يۇخۇاتەينىڭ شەرقىي تۆپىلىكىدە بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى تاش تامدا مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىم

جاۋ چيەنشۇ بازغان "جياڭنەنىدىكى ئىككىنچى بۇلاق" دىگەن خەتلەر بار. بۇ بۇلاقنىڭ ئىككى كۆزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا تام سېلىنىپ كۆلچەك ياسالغان، ئۇنىڭ سۈيىنىڭ مىقدارى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن سۈپىتى ياخشى، تەمى ناتلىق. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر لۇ يۇ بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى تېتىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى جياڭنەندىكى ئىككىنچى بۇلاق دەپ باھالىغان.

بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى قۇرامتاش قاتلىمى بىلەن ئۇنىڭ ئاستىدىكى سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان لايلاتما تاش قاتلىمىدىن ئىبارەت ئىككى يەر قاتلىمى بىر بىرىگە تۇتىشىدىغان قاتلامنى بويلاپ ئېقىپ چىقىدۇ، ئۇ ئۇچراشما چۆكمە بۇلاق بولۇپ ھېساپلىنىدۇ (30 ـ رەسىم).

(14) رېخي بۇلىقى




31 ـ رەسىم رېخي بۇلىقىنىڭ شەكىللىنىشىنى كۆرسىتىدىغان سىزما

رېخي بۇلىقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چېكدې شەھىرىدە بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى پادىشاسىنىڭ جەمەتى سالقىندايدىغان تاغلىق كەنتىكى يەنيۇلۇ راۋىغىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى سۈزۈك. كۆزلىرى سان ـ ساناقسىز، ئۇنىڭ سۈيى بۇلۇقلاپ

www.uyghurkitap.com

چىققاندا. ئۈنچە ـ مارجان پۈركۈلگەندەك بىرخىل ھۆر ئۈتىلىپ چىقىدۇ. ئۇ تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ، مارجانلار ئېرىمىسىدەك كۆللەرنى، مەسىلەن، دىڭخۇ، رۇيىخۇ، شاڭخۇ، شىياخۇ ۋە بەيىنخۇ كۆللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ كۆللەرنىڭ سۈيى ئەك ئاخىردا تۇسمىنى بويلاپ ئېقىپ ۋۇلىيېخى دەرياسىغا كىرىدۇ.

يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى بۇلاقنىڭ سۈيى سۈپ ـ سۈزۈك بولۇپ كېتىدۇ، مۇنچاقتەك يالتىراپ تۇرىدۇ، داكىدەك نېپىز بىر قەۋەت تۇتەك ھاسىل قىلىدۇ؛ زىمىستان قىش ۋاقتىدا، دىڭخۇ كۆلىنى مۇز ـ قار قاپلاپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا سۈپ ـ سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ، باھار تۇسىنى بېرىدۇ.

رېخې بۇلىغىمۇ ئارشاڭ بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 70 مىليون يىل ئىلگىرى بۇ يەردە كەڭ كۆلەملىك ۋولقان پارتلىغان، يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئوتتەك قىزىق لاۋىلار تاغ جىنىسلىرى قاتلىمىنىڭ يېرىقلىرىنى بويلاپ يۇقۇرىغا قاراپ ماڭغان، يەر ئاستىدا يەنىلا ناھايىتى كۆپ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ساقلىنىپ قالغان، يەر يۈزىدىكى سۇلار يوچۇقلار ئارقىلىق يەر ئاستىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەندە ناھايىتى تېزلا قىزىپ كەتكەن ۋە تېمپېراتۇرىسى ئۆرلىگەن، ئاندىن يەنە ئۈزۈلمىلەرگە ئوخشاش راۋان يوللار ئارقىلىق يەر يۈزىگە بۇلۇقلاپ ئېقىپ چىقىپ ئارشاڭنى ھاسىل قىلغان (31 ـ رەسىم). رېخې بۇلىغىنىڭ سۈيىتى ياخشى، تەمى

تاتلىق، تەركىۋىدە يەنە ئانچە ـ مۇنچە كاربون IV ئوكسىدى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سوغاق، مېزىلىك، ئۇنى تەبىئى گاز سۈيى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

بۇ يەردە بىز مەملىكىتىمىزدىكى مەشھۇر بۇلاقلاردىن بىرنەچچىسىنىلا تونۇشتۇردۇق، قالغان نۇرغۇن مەشھۇر بۇلاقلارنى تونۇشتۇرمىدۇق. مەسىلەن، سۇجۇدىكى گۇەنيىن بۇلىغى، جىنەندىكى خېيخۇ بۇلىغى، سەنشىدىكى نياڭزىگۇەن بۇلىغى، شېنتۇ بۇلىغى، يۈننەننىڭ دالى دېگەن يېرىدىكى كېپىنەك بۇلاق، گۇاڭجۇدىكى تەنچۇەن بۇلىغى، چوڭچىڭدىكى جەنۇبىي ئارشاڭ، شىمالىي ئارشاڭ ۋە باشقىلار.

## 2. قىزىقارلىق بۇلاقلار

مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي يادىكارلىقلىرىغا يېزىلغان ۋە خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدىغان بەزى ئاجايىپ بۇلاقلار بار، بۇنداق بۇلاقلاردا كۆرۈلىدىغان ھادىسىلەرنىڭ تولىسى گىدرو گېئولوگىيىلىك تەبىئى ھادىسىلەر ھېساپلىنىدۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەجەپلەنگۈچىلىكى يوق، رىۋايەتكە ياتىدىغان بەزى ئەھۋاللارمۇ بار، ئۇ ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس. بەزى غەلىتە ھادىسىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە كەڭرەك تارالغان بىرنەچچە خىل ھادىسىنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

www.uyghurkitap.com

### (1) دەم ـ دەم بۇلاق

دەم ـ دەم بۇلاق ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، پەسىل خاراك- تېرلىق دەم ـ دەم بۇلاق، بۇنداق بۇلاقنىڭ سۈيى قۇرغاقچىلىق بولغان چاغلاردا توختاپ قالىدۇ، يامغۇر پەسلىدە بولسا يەنە چىقىدۇ؛ يەنە بىرى، سۈيى بىرنەچچە مىنۇتتا، بىرنەچچە سائەتتە...بىر توختۇۋېلىپ چىقىدىغان بۇلاق. بۇنداق بۇلاقلار گىدرو گېئولوگىيىلىك شارائىت، سۇ كۆچى ئىلمى قائىدىسى ۋە هاۋا بېسىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ئادەتتە بۇنداق بۇلاقلارنىڭ سۈيى تولاراق بېسىملىق بولىدۇ ھەمدە گاز ئارى- لاش رېتىملىك هالدا ئۆرلەپ چىقىدۇ.

سەنشى ئۆلكىسى مېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، ناھىيە بازىرىغا 50 چاقىرىم كېلىدىغان بىر يەردە "لېڭچۈەن" (سوغاق بۇلاق) دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاق بار، بۇ بۇلاقتا يازنىڭ تومۇز كۈنلىرى سۇ بولمايدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە، زىمىس- تان قىش كۈنلىرى سۇ بۇلدۇقلاپ چىقىدۇ. مانا بۇ پەسىل خاراكتېرلىق بۇلاقنىڭ بىر خىلى، پەسىل خاراكتېرلىق بۇلاقنىڭ سۈيى تولاراق ياز ۋە كۈز پەسلىدە يەنى يامغۇر پەسلىدە بۇلدۇقلاپ چىقىدۇ، هالبۇكى بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەن. بۇ هال يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىپ تۇرۇش مەنبە- سىنىڭ تولىمۇ يىراق بولۇشىدىن بولسا كېرەك. ئەنخۇي ئۆلكى- سىدىكى ئەنجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي قوۋۇغىنىڭ سىرتىدا "راڭ- چۈەن" دەپ ئاتىلىدىغان بۇلاق بار، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە،



خەق سۇ تالىشىپ قالسا، بۇ بۇلاقتىن سۇ چىقمايدىكەن، ئەگەر خەق سۇنى بىر بىرىگە ئۆتۈنسە، بۇلاقتىن سۇ چىقىپ تۇرىدىكەن. ئېھتىمال بۇ بۇلاقنىڭ سۇيى بەك ئاز بولسا كېرەك، شۇڭا خەق سۇ تالىشىپ قالغاندا سۇيى ئۈزۈلۈپ قالسا كېرەك؛ ياكى بولمىسا ئۇ دەم-دەم بۇلاق خاراكتېردىكى بۇلاق بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا گايىدا سۇ چىقىپ، گايىدا سۇ چىقماي قالسا كېرەك.

(2) چاقىرما بۇلاق

بۇنداق بۇلاقنىڭ سۇيى ئادەتتە كۆپ بولمايدۇ، بىر دەم چەتتە تۇرۇپ چاقىرسا، سۇيى ئاۋۇپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇ "چاقىرما" بۇلاق دەپ ئاتىلىدۇ. يازما خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئەنخۇي ئۆلكىسى شۇچۇن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا "سادا بۇلىغى" دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاق بار ئىكەن، بىر ئادەم چەتتە تۇرۇپ توۋلىسا، سۇ ئۆرلەپ چىقىدىكەن. سىچۇەن ئۆلكىسىدىكى يەنيۇ-دۇي دىگەن يوغان تاش بوغۇزىدىكى قىيا ئۈستىدە بىر بۇلاق بار، ئەگەر تاشنى ئۇرۇپ چاقىرسا، شۇ ھامانلا بۇلاقتىن سۇ

ئۆرلەپ چىقىدىكەن. گۇاڭشىدىمۇ بىر چاقىرما بۇلاق بار، ئۇ ھەرقانداق ئادەمنى شۇ بەرگە بېرىپ ئۇنى كۆرۈپ كېلىشكە جەلپ قىلىدىكەن، لېكىن بۇ بۇلاقتىن بەزىدە ئاۋاز بىلەن تەڭلا سۇ چىقىدىكەن، بەزىدە بولسا چىقمايمۇ قالىدىكەن، بىزنىڭ كۆزىتىشىمىزچە، بۇمۇ دەم-دەم بۇلاقلارنىڭ بىر خىلى بولسا كېرەك.

ئادەتتە بۇنداق چاقىرما بۇلاقنىڭ سۈيى ناھايىتى ئاز بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭ سۈيى ئاساسەن يەر ئاستى سۈيىنىڭ كېلىپ تۇرۇش شارائىتىغا باغلىق بولىدۇ، مەلۇم شارائىتنىڭ ھازىرلىنىشى بىلەن، يەر ئاستى سۈيى يىغىلىپ مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە، سۇ ئۆزلۈكىدىن يەر ئۈستىگە ئېقىپ چىقىدۇ. ئاۋاز دولقۇنىنىڭ تىترىتىشى بىلەن سۇنىڭ تەبىئىي تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلىدۇ-دە، سۇ ئۆزلۈكىدىن يەر يۈزىگە چىقىدۇ، دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار.

(3) ئۆزگىرىشچان بۇلاق

بەزى قۇدۇق ۋە بۇلاقلارنىڭ سۈيى، خۇددى دېڭىز سۈيى كۆتىرىلىپ-پەسىيىپ تۇرغانغا ئوخشاش، قانۇنىيەتلىك ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بۇنداق بۇلاقنىڭ مۇنداق بىرقانچە خىلى بولىدۇ: بىر خىلى دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتىرىلىش-پەسىيىش تەسىرىگە بىۋاستە ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، جياڭسۇ ئۆلكىسى روگاۋ ناھىيىسى شىجۇاڭ بازىرىدىكى لىڭيىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىچىدىكى ئۆزگىرىشچان قۇدۇقنىڭ سۈيىمۇ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى

ياڭشەن ناهيسنڭ شمالغا يەنى ناهيدن 60 چاقرم نېرىغا جايلاشقان ئۆزگرشچان بۇلاقنڭ سۇيمۇ دېڭز سۇيد-نڭ كۆترلشى ۋە پەسيشى بلەن تەڭلا كۆترلپ ۋە پەسيپ تۇردۇ. گۇاڭدۇڭ ئۆلكسى يەنشيەن ناهيسنڭ غەربدە يەنى ناهيگە 15 چاقرم كېلدىغان يەردە شياڭچۇەن بۇلغى دەپ ئاتلدىغان بر بۇلاق بار، بۇ بۇلاقنڭ سۇيى دېڭز سۇيى كۆترلگەندە تۇزلۇق بولۇپ قالدۇ، دېڭز سۇيى پەسەيگەندە تۇزسز بولۇپ قالدۇ، بۇ ئۇنڭ دېڭز سۇيى بلەن تۇتاش ئكەنلگنڭ، دېڭز سۇينڭ تەسرىگە ئۇچراپ تۇردىغانلغنڭ ئېنق دەللى.

يەنە بر خلى دېڭزدن ناهايتى يراق بۇلاق بولۇپ، ئۇ يەر شارىدكى قاتتق جسملارنڭ كۆترلش ۋە پەسيش تەسرىگە (تارتش كۇچنڭ تەسرىگە) ئۇچراپ تۇردۇ. بۇن-داق قۇدۇق ۋە بۇلاقلارنڭ سۇيى كۆپنچە كۇنگە 3 قېتم ئۆرلەپ-پەسيپ تۇردۇ، شەنشى ئۆلكسى ششياڭ ناهيس-نڭ شەرقي جەنۇبغا جايلاشقان يەنى ناهيگە 20 چاقرم كېلدىغان ۋۇزشەن تېغدكى لۇڭچۇەن بۇلغى، جياڭشى ئۆلكسى نەنكاڭ شەهرنڭ غەربدكى جلۇڭ تېغغا جايلاشقان ئۆزگە-رشچان بۇلاق، يۇننەن ئۆلكسى ئەننڭ ناهيسدكى ساۋ-شسى ئبادەتخانسنڭ يېندكى شڭشۇي بۇلغى، گۇيجۇ ئۆلكسى ۋۇچۇەن ناهيسنڭ شەرقدكى لۇڭچۇەن بۇلغى ۋە جېجياڭ ئۆلكسى پۇجياڭ ناهيسدكى يۆچۇەن بۇلغى ئايلق

ئۆزگىرىشى روشەن بولغان، كۆنلۈك ئۆزگىرىشى روشەن بولمىغان بۇلاقلاردۇر، روشەنكى، بۇلارمۇ دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتىرىلىشى ۋە پەسىيىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.







32 ـ رەسىم تۇتاش بۇلاقنىڭ ئىشارەتلىك سىزمىسى

خىلمۇ غەلىتە بولغان بۇلاقتىن يەنە ئىككىسى بار، ئىككىلىسى گۇيجۇ ئۆلكىسىدە، ئىككىلىسى "شېڭجۇەن بۇلىغى" دەپ ئاتىلىدۇ. بىرىنىڭ سۈيى ھەر ئىككى سائەتتە ئىككى قېتىم كۆتىرىلىپ، ئىككى قېتىم پەسىيدۇ. يەنە بىرى بەيىيىڭ بۇلىغى ياكى لۇشاۋ بۇلىغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ سۈيى سوتكىسىغا يۈز قېتىم تولۇپ، يۈز قېتىم قۇرۇپ تۇرىدۇ. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىر كىشى ئالايىتەن بۇ يەرگە كېلىپ سۇ ئورنىنى ئۆلچەيدىغان خادىدىن بىرنى بۇلاقنىڭ ئىچىگە قاداپ، بۇلاق سۈيىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزەتكەن. بۇ بۇلاقمۇ دەم ـ دەم بۇلاقنىڭ بىر

خىلى بولۇشى مۇمكىن.

(4) تۇتاش بۇلاق

تۇتاش بۇلاق دېگەندە ئىككى بۇلاقتىكى سۇ كۆچىنىڭ بىر بىرىگە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. "قۇدۇق سۇيى بىلەن دەريا سۇيىنىڭ چېتىشلىقى يوق" دېگەن بىر گەپ بار، ئەمەلىيەتتە يەر ئاستى سۇيى بىلەن دەريا سۇيى ئىنتايىن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ، بولۇپمۇ يەر ئاستى سۇيى بىلەن يەر ئاستى سۇيى كۆپىنچە تۇتاش بولىدۇ، بىر رايوندىكى قۇدۇق سۇيى بىلەن بۇلاق سۇيى كۆپىنچە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ. سۇيى بىر بىرىگە تۇتاشقان ئىككى بۇلاقتىن بىرىنىڭ سۇيى چايقىلىدۇ-رۇلسىلا، ئىككىنچىسىنىڭ سۇيى داۋالغۇيدۇ دېگەن گەپلەر شەن-دۇڭدا تارقىلىپ كەلگەن. ئەتىياز كۈنلىرى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ياۋشيەن ناھىيىسىدىكى لۇڭتۈي ئۆڭكۈرىدە شاپتۇل چېچەكلىرى سۇ بىلەن بىللە چىقىدۇ. شۇڭا كىشىلەر بۇ بۇلاقنى شاپتۇل چېچىكى بۇلىقى دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بېلىق، راك، قىسقۇچ پاقا چىقىدىغان بىرمۇنچە بۇلاقلارمۇ بار، مەسىلەن، گۈيجۇ، گۇاڭشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلاردا بۇلاق سۇيى بىلەن بىللە بېلىقلار چىقىدىغان ئەھۋال كۆپ كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ-دىكى ئاساسىي سەۋەب بۇلاق سۇيىنىڭ دەريا سۇيى بىلەن تۇتاش (32 ـ رەسىم) ئىكەنلىكىدە. سەنشى ئۆلكىسىدىكى ۋۇتەي ناھىيىسىنىڭ لىياجۇاڭ دېگەن كەنتىدە بېلىق چىقىدىغان بۇلاق-تىن ئىككىسى بار، بۇ بۇلاقلارنىڭ ئارىلىقى 500 مېتىر كېلىدۇ،

ئىككىلىسى سۇيى سۈزۈك بۇلاقلاردۇر، بۇ بۇلاقلاردىن ھەر يىلى چوكانتال مەۋسۇملىرىدە بىلىق چىقىدۇ، چىققان بىلىقنىڭ ئۆمىر-لىگى يىرىم جىڭچە كېلىدۇ. خېبىي ئۆلكىسىنىڭ لەيشۇي ناھىيە-سىدىكى ماگېجۇاڭ كەنتىدىمۇ بىلىق چىقىدىغان بىر بۇلاق بار.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان قىزىقارلىق بۇلاقلاردىن تاشقىرى، سۇيە-نىڭ تېمپېراتۇرىسى ئالاھىدە بولغان، رەڭگى خىلمۇ-خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بۇلاقلار، مەسىلەن، 5 رەڭلىك بۇلاق، قىزىل بۇلاق، شىشە بۇلاق دىگەنگە ئوخشاش بۇلاقلارمۇ بار، بۇلارنى ئارتۇقچە تونۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايمىز. قىسقىسى، بۇ بۇلاقلار قىسما-قىسما خۇسۇسيەتلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ خۇسۇسيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى تەبىئى ھادىسە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھىچقانداق ئەجەپلەنگۈچىلىكى يوق، ھەممىسىلا مەلۇم ئىلمي ئاساسقا ئىگە بولغان گىدرو گېئولوگىيىلىك ھادىسىلەردۇر.




33 - رەسىم بۇلاق بىلەن دەريانىڭ ئۆڭكۈر ئارقىلىق تۇتىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان سىزما

# 5. بۇلاقلارنى ئاسراش

سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقنىڭ تېز تەرەققى قىلىشى ۋە شەھەر-بازار ئاھالىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى بىلەن، سۇغا بولغان ئېھتىياجمۇ زور دەرىجىدە ئاشماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر ئاستى سۈيىنى ئەقىلغە مۇۋاپىق ئاچماسلىق ۋە ئۇنىڭدىن ئەقىلگە مۇۋاپىق پايدىلانماسلىق سەۋەبىدىن، بىرمۇنچە جايلاردا سۇ مەنبەسى قىس بولۇپ قېلىش، ھەتتا سۇ مەنبەسى قىسمەن قۇرۇپ قېلىشقا ئوخشاش ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىدىكى كىرەكسىز سۇلار ۋە تۇرمۇشتىكى پاسكىنا سۇلارنىڭ خالىغانچە كۆپىلەپ چىقىرىلىشى، ئېتىزلارغا خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە دېخانچىلىق دورىلىرىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق چېچىلىشى، بۇ پاسكىنا سۇلار ۋە دورىلارنىڭ يامغۇر سۈيى ۋە يەر سۇغارغان سۇ بىلەن بىللە يەر ئاستىغا كۆپلەپ سىڭىپ كىرىشى تۈپەيلىدىن، بۇنداق رايونلاردا يەر ئاستى سۈيى بۇلغانماقتا. شۇنىڭ بىلەن، مەشھۇر بۇلاقلارنىڭ سۈيىنىڭ سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتتى، ھەتتا ئۇلاردىن پايدىلىنىش مۇمكىن بولمىدى.

بۇلاق سۈيىنىڭ مەنبەسى يەر ئاستى سۈيى بولغانلىقى ئۈچۈن،

بۇلاق سۇيىنى ئاسراشنىڭ بىردىن-بىر ياخشى ئۇسۇلى يەر ئاستى سۇيىنى بايلىغىنى بۇلغىنىش ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچ-راتماسلىق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىمالىي رايونلاردا قات-تىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەلدى ۋە يېغىن مىقدارى ئاز بولۇپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ كۆپلەپ ئىشلىتىلىپ كەلدى، شۇڭا يەر ئاستى سۇيى ئورنى كەڭ ھەجىمدە تۆۋەنلەپ كېتىپ، بىر-مۇنچە بۇلاقلار سۇيى ئازىيىپ ياكى قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ. مەسى-لەن، ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا، جىنسى بۇلغىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا خالىغانچە قۇدۇق كولاپ سۇ بارتىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇلاق سۇيى قۇرۇپ قالغان ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا تەدبىر قوللىنىلىپ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ سۇ ئىشلىتىش مىقدارى تىزگىنى-لەنگەنلىكتىن، بۇلاق سۇيى ئاستا-ئاستا ئۇلغىيىپ ئەسلى ھالى-تىگە كېلىپ قالدى. ھەممە ئائىلىدە بۇلاق بولغان، ھەممە ئۆينىڭ ئالدىدا تال-تېرەك بولغان بۇلاق شەھىرى — جىنەن-دىمۇ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان سۇ مىقدارى قاتتىق ئېشىپ كەتكەنلىكى، ھەر كۈنى نورمىدىن تاشقىرى 200 نەچچە مىڭ تونىنا يەر ئاستى سۇيى تارتىپ چىقىرىلغانلىقى ئۈچۈن، باۋتۇ بۇلغىنىڭ سۇيى چىقماس بولۇپ قالغان، باشقا بەزى كىچىك بۇلاقلارمۇ قۇرۇپ قالغان ئىدى. جىنەن شەھەر-لىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇلاق سۇيىنى چوقۇم ئاسراش، يېقىن ئەتراپتىكىلەرنىڭ سۇ ئىشلىتىش مىقدارىنى تىزگىنلەش توغرى-سىدا يولىيورۇق چىقىرىشى بىلەن، بۇلاقلارنىڭ سۇيى يېڭىۋاش-

تىن ئۇلغىيىپ، بۇرۇنقى مەنزىرىسى ئەسلىگە كەلدى. بۇنىڭدىن بۇلاقنى ئاسراشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىغىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇلاق سۈيىنى ئاسراشتا تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش لازىم.

## 1. بۇلاق سۈيىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئېلىپ ئىشلىتىش

ھەر بىر بۇلاق ياكى بۇلاقلار توپىنىڭ سۈيىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تولۇقلىنىپ تۇرۇش مەنبەسى ۋە دائىرىسى بولىدۇ، بۇ دائىرە گىدرو گېئولوگىيە ئىلمىدە بۇلاق زىمىنى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاتموسفېرادىن چۈشكەن سۇ (يامغۇر، قار) ياكى دەريا سۈيى مۇشۇ دائىرە ئىچىدە يەر ئاستىغا سىڭىپ يىغىلغاندىن كېيىن توپا ياكى قۇم قاتلىمىنىڭ كاۋاكلىرى، تاغ جىنسلىرىنىڭ يېرىقلىرى ۋە ئۆڭكۈرلەر ئارقىلىق يەر يۈزىگە چىقىدۇ ـ دە، بۇلاقلار ھاسىل بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يەر ئاستى سۈيىنىڭ بۇ مەنبەسى چەكلىك بولىدۇ، تارتىپ چىقىرىۋەرسە، چىقىپ تۇرىۋەرمەيدۇ. دەرۋەقە، پەسىل ۋە كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، بۇلاق سۈيىنىڭ مىقدارىدا مەلۇم ئۆزگىرىشلەرمۇ بولىدۇ، شۇ ئارقىلىق تەڭپۇڭلۇق ساقلىنىدۇ. ئەگەر بۇ دائىرىدە، ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ مىقدارى كېلىدىغان سۇنىڭ مىقدارىدىن ئېشىپ كېتىدىغان بولسا، قۇدۇق سۈيىنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، بۇلاق سۈيى ئازلاپ كېتىدۇ، قۇرۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇدۇق كولىغاندا،

بۇلاق ئاچقاندا، سۇ ئىشلەتكەندە...، چوقۇم ئىلمىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىش لازىم، بۇلاق ئېچىشنى قاتتىق كونترول قىلىش، چەكسىز ئېچىۋەرمەسلىك لازىم. مۇشۇنداق كىرىم-چىقىم تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قالغاندىلا، ئاندىن بۇلاق سۈيىنىڭ نورمال مىقدارىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنى دائىم چىقىپ تۇرىدىغان، قۇرۇپ قالمايدىغان قىلغىلى بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

## 2. بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بۇلاقنىڭ ياشلىق باھارىنى مەڭگۈ ساقلاش

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، بۇلاق سۈيى دىگەنلىك يەر ئاستى سۈيى دىگەنلىك، يەر ئاستى سۈيى ئاتموسفېرادىن چۈشكەن سۇ ۋە يەر ئۈستى سۈيى (دەريا سۈيى ۋە كۆل سۈيى)نىڭ يەرگە سىڭىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. زاۋۇتلار پاسكىنا سۇلارنى دەرياغا ئېقىتىۋەتسە، بۇلغانغان سۇ بىلەن بىللە يەر ئاستىغا سىڭىپ، يەر ئاستى سۈيىنى بۇلغىۋېتىدۇ، بۇلغانغان سۇ بۇلاق ئارقىلىق يەنە يەر ئۈستىگە چىقىدۇ. بۇلغانغان بۇنداق بۇلاق سۈيىنى شۇ پېتىلا ئىچىشكە بولمايدۇ، بەك بۇلغىنىپ كەتكەن سۈيى سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىگىدە ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ. يەر ئاستى سۈيىنى بۇلغايدىغان ماددىلار ئاساسەن سانائەتتىكى "3 كېرەك-سىز" (كېرەكسىز سۇ، كېرەكسىز گاز، كېرەكسىز داشقال)دىن،

دىخانچىلىق دورىسى، خىمىيىۋى ئۇغۇت، ئەخلەت، ھايۋاناتلار-نىڭ گەندە-سۈيدۈكى قاتارلىق نەرسىلەردىن كېلىدۇ. سانائەت-تىكى كېرەكسىز سۇنىڭ تەركىۋىدە ئاساسەن ئورگانىك خىمىيىۋى بىرىكمىلەر ۋە ئانئورگانىك خىمىيىۋى بىرىكمىلەر، مەسىلەن، فېنول، سىئانىت، ئارسىن، سىماپ، خروم، سېلىن، نىترولۇق بىرىكمىلەر، بېنزول، ئالدېھىد، خلور، فوسفور ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش زەھەرلىك ۋە زىيانلىق ماددىلار بولىدۇ. تۇرمۇشتىكى پاسكىنا سۇ تەركىۋىدە كۆپىنچە مىكروپ، ۋىرۇس ۋە تۈرلۈك پارازىت قۇرۇتلار بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلاق ئەتراپىدىكى بارلىق يەر ئۈستى سۈيى ۋە يەر ئاستى سۈيىنىڭ تازىلىقىغا دىققەت قىلىپ، دەريا، كۆل، كۆلچەك، سۇ ئامبىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلارنىڭ باشقۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. زاۋۇت-تىن چىقىرىۋېتىلىدىغان سۇ تازىلانغان بولۇشى كېرەك، ئۇنى دۆلەتنىڭ پاسكىنا سۇنى چىقىرىۋېتىش توغرىسىدا بەلگىلىگەن سۈپەت ئۆلچىمىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بۇلاق سۈيى بۇلغانمايدۇ، مەڭگۈ پاكىز تۇرىدۇ ۋە ئۇنى ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇلاقنىڭ تەبىئى مەنزىرىسىنى ئاسراش كېرەك، مۇھاپىزەت خاراكتېرىدىكى قوروۇق تام سېلىشنى ھېساپقا ئالمى-غاندا، ئومۇمەن چۆرىدىمە تاملارنى ئىمكان قەدەر ئاز سېلىش كېرەك، سۇنئى ھالدا بۇلاق ياساپ، بۇلاق كېڭەيتىپ يۈرمەس-لىك لازىم. بۇلاق كۆزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش

ئۈچۈن، بۇلاق كۆلچىكىگە خىش ۋە تاش قاتارلىق نەرسىلەرنى تاشلاشنى مەنئى قىلىش لازىم.

قىسقىسى، بۇلاق مەملىكىتىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، بۇلاق سۈيىنى ئاسراش ئىنتايىن مۇھىم، ھەممە كىشىنىڭ ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوقۇم ھەر جاينىڭ تەبىئىي بايلىق شارائىتىغا قاراپ، يەر ئاستى سۈيىنى مۇۋاپىق تۈردە ئېچىپ ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق تۈردە پايدىلىنىپ، سۈنى ئىمكان قەدەر تېجەپ ئىشلىتىش، بۇلاقنىڭ ۋە بۇلاق ئەتراپىنىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىمكى، بۇلاق تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا، خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش ئىشلىرىدا تېخىمۇ ياخشى رول ئوينىسۇن.



本书根据本社 1984 年 12 月第 1 版北京第 1 次印刷汉文版本翻译出版。

بۇ كىتاب نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن 1984-يىل 12-ئايدا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە 1-نەشرى بېيجىڭ 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەرجىمە مۇھەررىرى: زايىت رەھىم
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەت راخمان
مەسئۇل كوررېكتور: خۇدابەردى خېلىل

پەننىي بىلىمگە دائىر كىتابچىلار
**بۇلاق**
يازغۇچى: لۇ جىنكەي
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
بىخۇي باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1984-يىل 12-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1998-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا 2-قېتىم بېسىلدى
باھاسى 3.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

泉:维吾尔文/卢金凯著;土尔逊译.—2版.
—北京:民族出版社,1998.4
ISBN 7—105—03082—8

Ⅰ.泉… Ⅱ.①卢… ②土… Ⅲ.泉—普及读物—维吾尔
语(中国少数民族语言) Ⅳ.P641.139

中国版本图书馆 CIP 数据核字(98)第 03739 号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街 14 号
邮编:100013　　电话:010—64228007)
艺辉胶印印刷厂印刷　　各地新华书店经销
1984 年 12 月第 1 版　　1998 年 3 月北京第 2 次印刷
开本:787×1092 毫米 1/32 印张:3.375
印数:5,001—10,000 册　　定价:3.00 元

ISBN 7-105-03082-8

9 787105 030828 >

ISBN 7—105—03082—8/G・327

民文（维39）　定价：3.00元